مەملىكەت بويىچە 100 ئۈنۈملۈك ژۇرنال

مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال

شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTURE

# مىراس

4

2011

美拉斯













ئەمەتجان ئەنۋەر يازغان



قۇربانجان روزى شەيدائىي يازغان



مەمەت نەۋبەت يازغان

# مىراس



قوش ئايلىق ژۇرنال

2011 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 126 ـ سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى ......
.................. ئابدۇقەييۇم مىجىت (1)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

گوستاف رەكىت يازمىلىرىدىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى
ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر بايانلار ...... گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە) (16)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئىككى مەسەل ............... مۇھەممەد ئىمىن (27)

## يورۇق يۇلتۇزلار

خەلق ئەدەبىياتىدا ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجادىيەتلەر ......
.................. فىكرەت تۈركمەن (تۈركىيە) (31)

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ۋە ياش ئاپتورلار ... مەتسىلىم مەتقاسىم (39)
مۇھەررىرلەر دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشى كېرەك ..........
.................. ئەنۋەر مۆمىن (64)

## دۇنيا مىراسلىرى

كوسكو قەدىمكى شەھىرى ............ مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (41)

باش مۇھەررىر:
ۋاھىتجان غوپۇر
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
مۇھەررىرلەر:
نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتىمىن
ئەزىزە تۇيغۇن
جاۋابكار مۇھەررىر:
خۇرسەنئاي مەتىمىن

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۇپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلاردا تويلۇق ...................... مۇتەللىپ ئىقبال (46)
تۇرپان رايونىدىكى بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئادىتى ... زۇمرەت ئالىم (76)

## ئايدىڭ كېچىلەر

بېيتلار ...................... خاتىرىلىگۈچى: رادلوۋ (رۇسىيە) (52)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

چىن دوست ...................... توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم (58)

## دىيارىمىزدا

سېھىرلىك نىيا ...................... مەتسەيدى مەتقاسىم (66)

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

ئەجداد ئۇدۇمىدا ئىلغارلىق ...................... ئۆمەرجان سىدىق (71)

# «1-ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمىنى تەبرىكلەيمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەرىيەمگۈل ئىدرىس

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نىغمەت ئابدۇرېشىت تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدىكى رەسىمنى پەرھات ئىبراھىم سىزغان

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园

总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责任编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa-tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

خەلقىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىچە بولغان ئاشلىق، ئىچىملىك، مېۋە-چېۋە ۋە گۆش-مايلارنى ساقلاش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە تا بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ)تە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئاشلىق، ئىچىملىك، مېۋە-چېۋە، گۆش، ياغلارنى ساقلاش ئۇسۇللىرى، شۇ ئارقىلىق ھاياتنى قامداش، ساغلام ئۇزۇقلۇق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش يولىدىكى تەجرىبە ۋە ئىزدىنىشلىرىگە ئائىت قىممەتلىك ئۇچۇرلارمۇ كۆپلەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۇنتۇلغان، ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى يېڭىلانغان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە ئۆز پېتى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ بايانلار بىزگە بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ، بىزنى خەۋەردار قىلىدۇ.

## 1. ئاشلىق، ئاش ۋە نان ساقلاش ئۇسۇلى ۋە سايمانلىرى

### (1) ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلى ۋە سايمانلىرى

ئاشلىق — ئۇن چىقىرىلىدىغان، ئاش-تاماق قىلىنىدىغان دان بولۇپ، ئۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى. ئۇيغۇرلار ئۆز ھاياتىنىڭ كاپالىتى بولغان ئاشلىقنى تولىمۇ ئەتىۋارلايدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇنى ئىسراپ قىلماي، دۇر - گۆھەرلەردىنمۇ قىممەتلىك دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، «ئۈنچە-مارجان تاش ئىكەن، ئارپا-بۇغداي ئاش ئىكەن» دېگەن ماقال خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. تېرىقچىلىق پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك پائالىيەت بولغاچقا، يەنە بىر مول ھوسۇل پەيتى كېلىپ بولغىچە ئاچ-توق قالماسلىق، ئاشلىق ۋە كېلەر يىللىق تېرىلغۇ ئۈچۈن ئۇرۇقلۇق ساقلاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. «ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئاشلىقنى تاغار، خانىپا (ياغاچ ساندۇق)، بادالغ (چوۋىق توقۇلما سېۋەت) قاتارلىقلاردا ساقلايدۇ. يۆتكەش ئىمكانىيىتى بولمىغان كۆپرەك يىرىك ئاشلىقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا توغرا كەلگەندە مەخسۇس ئورا



ياساپ ساقلايدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئۈچۈن قۇرۇق يەر تاللىنىدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئۈستى ئوچۇق تۈز كولانغان ئورا. يەنە بىرى ئىچ گۆر قازغانغا ئوخشاش ياسالغان گەمە. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچ تەرىپى ھاك، تۇز ئارىلاشتۇرۇلغان سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ. بۇنداق سۇۋاقتىن چاشقان، ئاغمىخان قاتارلىق ئاشلىق «ئوغرى»لىرى ئۆتەلمەيدۇ ۋە ئاشلىق بۇزۇلمايدۇ. ئورىنىڭ ئاغزى توپا چۈشمەيدىغان ۋە ھاۋا كىرمەيدىغان قىلىپ مەھكەم ئېتىلىدۇ. تارىم ئەتراپىدىكى قۇملۇق كەنتلەردە دېھقانلار ئارتۇق ئېشىنچا ئاشلىقلىرىنى تال ياكى توغراق چىۋىقلىرىدىن ياسالغان چوڭ باداڭ (گۈمبەز شەكلىدە توقۇلغان سېۋەت)غا قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئۇنى قۇم ئاستىغا كۆمۈپ ساقلايدۇ. بۇنداق ساقلانغان ئاشلىق نەچچە يىللار تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدۇ» ①. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق ساقلاش شەكلى بىلەن ئاشلىق ساقلاش شەكلى ئوخشاش. «دىۋان» دىمۇ ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلى ۋە ئەسۋابلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، «تارىغ — ئاشلىق. بۇ دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى» (1-483)؛ «تارىغلىغ — تارىغلىغ يىر-تېرىقلىق يەر، ئېكىنزارلىق. ئاشلىق ئامبىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» (1-646)؛ «تارىغلىق — ئاشلىق ئامبىرى» (1-654)؛ «تاغار — تاغار. ئىچىگە بۇغداي ۋە باشقا نەرسىلەر قاچىلىنىدىغان قاپ» (1-535)؛ «كەسۈرگۈ — قاپ، خالتا» (1-638)؛ «يەمەچۈك — يەمشۈك. بۇغداي توشۇلىدىغان كىچىك قاپ» (3-64) دېيىلگەن بولۇپ، تاغار بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئاشلىق ساقلاش ئىشلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ پاختا، يۇڭ، چىگە يىپلىرىدىن ياكى سۈنئىي تالالاردىن توقۇلىدىغان بۇيۇمدۇر، يىللارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئۇنىڭ ماتېرىيالى، سۈپىتىدە ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى ئېنىق. شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋرلەردە ئاشلىقلار تاغارلارغا ئۇسۇلۇپ، «تارىغلىغ» دەپ ئاتىلىدىغان ئامبارلاردا ساقلانغان، لېكىن ھەممە دېھقاننىڭ ئۆيىدە مەخسۇس ئامبار بولغان بولۇشى ناتايىن. «دىۋان»دا يەنە: «يىغشىدى - يىغشتى، دۆۋىلەشتى. ئول ماڭا بۇغداي يىغشىدى — ئۇ ماڭا بۇغداي يىغىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يىغشۇر - يىغشماق)» (3 - 98) دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتا خەلقتە ئېشىنچا ئاشلىقنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ھەرقايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىت ۋە تەبىئىي مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلىدا مۇئەييەن پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، تۇرپان تەرەپلەردە ئاشلىق ساقلاشنىڭ مۇنداق ئالاھىدە ئۇسۇللىرى بولغان. «ئۆي تېمىنىڭ مەلۇم بىر تېمى قېلىن ياسىلىپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك قويۇلاتتى ۋە ئۈستۈنكى تەرىپىدىن تۆشۈك قويۇلۇپ، تامنىڭ كاۋىكىغا بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاشلىقلار قويۇلاتتى. كېيىن ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە، تۆۋەن تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاشلىق ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ چۈشەتتى. بۇنى يەرلىك خەلق ‹ئويۇق سالڭ› دەپ ئاتايتتى. بۇ خىل ئۇسۇل ئاشلىقنى قۇرغاق ساقلاشتا، يېغىلىقتا ئاچارچىلىقتا قالماسلىقتا، چاشقانلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىشتا ئۈنۈملۈك رولى بولۇپ، نەمخۇش ھاۋا ئىقلىم رايونلىرىدىكى ئاشلىقنى ئورا كولاپ، پاخال ئۈستىگە تۆكۈپ، ئۈستىنى كۆمۈپ ساقلاشقا نىسبەتەن ئەپچىل چارە ئىدى. ‹بىجىك› ۋە ‹ئويۇق سالڭ› تۇرپان رايونىدا تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن 40-50 يىللىق كونا ئولتۇراق ئۆيلەردە ھېلىھەم مەۋجۇت» ②. ئاتۇشتا ئاشلىقنى «كات»تا ساقلايدۇ. كات ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيدەك نەرسە بولۇپ، ئاشلىق ئۇنىڭدا ساقلانسا ئۈندۈرمە بولۇپ قالمايدۇ، نەم تارتىپ قالمايدۇ، چاشقان يەۋالمايدۇ. خوتەندە «كاجۇۋا» دېيىلىدىغان شاللىرىنى ئېلىپ سالغىلى بولىدىغان، ئۈستى ئوچۇق، تىك ساندۇقلاردا ساقلايدۇ ياكى تاغارلارغا قاچىلاپ «چاچاپ» دەپ ئاتىلىدىغان يېرىم مېتىر ئەتراپىدىكى جاھازىلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ساقلايدۇ. يەنە بەزى جايلاردا ئاشلىقنى خالتا، تاغارلارغا ئۇسۇپ، خالتا، تاغارلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تورۇسلارغا ئېسىپ قويۇپ ساقلايدۇ. بۇ چاشقان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ يەپ كەتمەسلىكى ياكى بۇلغىۋەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. ئۆتمۈشتە بەزى جايلاردا ئاشلىقنى ئورىدا ساقلايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان. مەسىلەن، «قوينى قوتاندا ساقلا، ئاشنى ئورىدا.» دېگەن تەمسىل شۇنىڭ دەلىلىدۇر. ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ خىل ئاشلىق ساقلاش ئادەتلىرىمۇ پەقەت يېزا-سەھرالاردىلا داۋاملىشىۋاتىدۇ، ئەمما شەھەر، بازارلاردا بۇنداق ئادەت يوق.

(2) نان ساقلاش

ئۇيغۇرلار ناننى ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ.
شۇڭا ئۇيغۇرلار «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق»، دەپ
قاراپ ئۆيىدە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئوشۇقراق نان
ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا ناننى ساندۇق،
ئۇستى ئوچۇق سېۋەت ۋە نانتاختىلاردا ساقلايدۇ.
ئەمما نان ساقلىنىدىغان ساندۇققا قۇلۇپ سېلىنمايدۇ،
مۇبادا شۇنداق قىلسا قاتتىق ئەيىب ئېلىنىدۇ. ناننىڭ
كۆكىرىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ناننى
نانتاختىلارنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ ساقلايدۇ. پېتىر
نانلار ئوچۇقچىلىقتا تۇرسا ئاسان سۈيى قېچىپ قېتىپ
قالىدىغان بولغاچقا، ساندۇقتا ساقلايدۇ ياكى بىر -
ئىككى كۈنلۈك ناننى ئۇدۇللۇق يېقىپ يەيدۇ. «دى-
ۋان»دا: «ياسغاچ ـــ يېسا تاختا، ئاشتاختا، نانتاختا.
بۇنىڭ ئەسلى ‹‹ياسى يىغاچ - يېسا ياغاچ›دۇر» (3 -
50) دېيىلگەن. ناننى يەنە داستىخانلارغا ئوراپ قويۇ-
مۇ ساقلايدۇ. ئۆيدىكى چوڭلار سىرتقا چىقىپ كەتكەن-
دە ياكى ئىش - ئەمگەككە كەتكەندە نانلارنى كىچىك
بالىلارنىڭ قولى يەتكۈدەك يەرلەرگە قويۇپ قويىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا «قورساققا ئاۋىي يوق» دەيدىغان ماقال
بار بولۇپ، ئۆيگە ناتونۇش ئادەم كىرگەن تەقدىردى-
مۇ ئالدىغا نان قويۇپ، چاي قۇيىدۇ.

## 2. ئىچىملىكلەرنى ساقلاش ئۇسۇلى

ئەجدادلىرىمىز بىر يەردە مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش
كەچۈرگەندە بولسۇن ياكى سەپەردە بولسۇن ئەڭ
ئاۋۋال سۇ مەسىلىسىنى ئويلاشقان ۋە شۇ ئېھتىياجنىڭ
تۈرتكىسىدە بىر قانچە خىل سۇ ساقلاش سايمانلىرىنى ۋە
ئۇسۇللىرىنى ئىختىرا قىلىشقان.

(1) سۇ ساقلاش ئۇسۇلى

شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇنىڭ
پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى كىشى-
لەرنىڭ ھاياتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاۋۋال ئوي-
لاشمىسا بولمايدىغان چوڭ مەسىلە. مەھەللە ۋە يۇرت
نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار سۇنى كۆل ۋە سۇ ئام-
بارلىرىدا ساقلايتتى. كۆل ـــ سىرغىم سۇ يىغىلىدىغان
ياكى دەريا- ئېقىنلار قۇيۇلىدىغان چوڭ تېپتىكى تەبىئىي
ئويمان بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ شەكىللىنىش شەكلىگە
قاراپ تەبىئىي كۆل ۋە سۇنئىي كۆل دەپ ئىككىگە ئاي-
رىشقا بولىدۇ. ئادەتتە تەبىئىي كۆللەر زېمىننىڭ ئويمان،
چوڭقۇر يەرلىرىگە تاغ- دەريالارنىڭ سىرغىم سۇلىرىنىڭ
يىغىلىشىدىن شەكىللىنىدۇ. سۇنئىي كۆللەر بولسا كىشىلەر
يەرنى كولاپ ئازگالسىمان قىلىپ ياسايدىغان ۋە ئېرىق-
ئۆستەڭلەرگە پەسىل خاراكتېرلىك ئېقىن سۇلارنى تولدۇ-
رۇپ، سۈزۈلدۈرۈپ ئۆزلىرى ۋە مال- چارۋىلىرىنىڭ



ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زاپاس سۇ
ساقلايدىغان مەخسۇس ئورەك، ئامبارلارنى كۆرسىتىدۇ.
كۆل «كۆپىنچە تۆت چاسا ياكى يۇملاق شەكىلدە، ئوخ-
شىمىغان چوڭلۇقتا، ئۈچ-تۆت مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولىدۇ.
مەخسۇس ئېرىق ئارقىلىق سۇ باشلىنىدۇ. بىر تەرىپىدە
چۈشۈرگۈسى بولىدۇ. ئۇ سۇنى يېغىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ،
سۇ ئېلىش قولاي بولسۇن ئۈچۈن مەلۇم بىر تەرىپى پەش-
تاقسىمان يانتۇلۇقتا بولىدۇ ۋە ياكى تاختاي بىلەن
دەسسەش سۇپىسى ياسىلىدۇ. ئەتراپىغا تېرەك ياكى سۆگ-
گەتلەر تىكىلىدۇ. بەزىدە سوقما تام بىلەن قورشىلىدۇ.
كۆللەر قەرەللىك ھالدا چېپىلىپ، تازىلىنىپ تۇرىدۇ. كۆل
بويىدىكى تېرەك-سۆگەتلەر ھەددىدىن زىيادە يوغىناپ
كەتسىمۇ كېسىۋېتىلمەيدۇ. ئۇلار كۆلگە سايە تاشلاپ،
كۆل سۈيىنى سوغۇق ساقلاش بىلەن بىللە، ئاپتاپتا
ئىسسىپ، چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېرەك ياكى سۆگەت-
نىڭ كۆل ئەتراپىدىكى يەر قاتلىمىنى چىرماپ تۇرغان
چىدىرە-يىلتىزى ۋە كۆل يۈزىگە مەلۇم نىسبەتتە چۈشۈپ
تۇرغان غازاڭلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كۆل سۈيىنىڭ سۈپىتى-
نى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ» ③. كۆللەرنى كولاش جا-
مائەتنىڭ ئىچىملىك ئېھتىياجىنى قامداش ۋە كۆللەرگە سۇ
باشلاش بىر خىل ساۋابلىق ئىشلار جۈملىسىدىن ھېسابلان-
غان. يۇرت ئەھلى ئەگەر بىرەر يەرگە يېڭى بىر مەھەللە
بەرپا قىلماقچى بولسا ئۇ يەرگە ئەڭ ئالدى بىلەن مەھەل-
لىنىڭ مەركىزىگە كۆل كولايتتى. ئۇيغۇرلاردا ئۆز مەھەل-
لىسىدىكى كۆلنى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدىغان بارلىق ئادەم
ئۇنىڭ پاكىزلىقىنى قوغدايدىغان، ئۇنىڭغا ئېقىپ كېلىدىغان
سۇ مەنبەسىنىڭ توختاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كول-
لېكتىپ ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئەگەر كۆلگە بىرەر
ھايۋان چۈشۈپ كەتكەن بولسا كۆلدىكى سۇنى پاكىزلاش
ئۈچۈن، ئۈچ كېچە-كۈندۈز كۆلگە توختىماي سۇ
باشلاپ، كۆلنىڭ ئايىغىنى چىقىرىۋېتىپ ئاندىن كۆلنى
پاكلاپ ئىچەتتى. «كۆل سۈيىنى كىشىلەر ئىستېمال قىلى-
دىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تازىلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىد-
غان بىر يۈرۈش ئادەت-يوسۇن مەيدانغا كەلگەن. مىسا-
لەن، كۆل سۈيىدە بىۋاسىتە مال سۇغىرىش، كۆل ئەتراپى-
دا كىرقات يۇيۇش، كۆلگە قالايمىقان نەرسە تاشلاش، تۈ-
كۈرۈش، كۆلگە يېقىن جايغا ھاجەتخانا، يالاق ياكى سۇ-
پۈرۈندىلىك سېلىش يامان ئىپلىنىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ
رەڭگى سەل ئۆزگىرىپ، يات پۇراق كىرگەن ھامان سۇ
يەڭگۈشلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭغا يېڭى سۇ باشلىنىپ ئايىغى
چىقىرىلىدۇ. كۈز پەسلى غازاڭ تۆكۈلسە، غازاڭلار
سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىدۇ. تۇنجى قېتىم سۇ باشلاشتىن ئاۋۋال
كۆللەر بىر قېتىم چېپىلىدۇ، ھېچبولمىسا چۆرىسىدىكى
لەش پەيدا قىلغۇچى ئۆسۈملۈكلەر ئادالىنىپ، تېگىدىكى
ئەخلەت-چاۋارلار تازىلىنىدۇ» ④. ئۇيغۇرلاردا كونا
كۆلنىڭ ئورنىنى روھىناتنىڭ تۇرار جايى، دەپ قاراپ
كونا كۆللەرنىڭ ئورنىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشتىن پەرھىز
قىلىدىغان ئادەتلەر بولغان. «ناۋادا كونا كۆل ئورنىغا
ئۆي سېلىشقا توغرا كەلسە، خەلق ئارىسىدىكى ئادەت بو-
يىچە كونا كۆل ئورنىغا ئۆي سالغۇچى باشقا بىر يەردىن
كۆل چېپىپ، شۇ كۆلنىڭ سۈيىنى پۇقرالار يەتتە يىل
ئىچكەندىن كېيىن ئاندىن سېلىشى ياكى سەدىقە-زاكات
بېرىپ پۇقرالارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن
ئۆي سېلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن» ⑤. «مەجمۇئە-
تۇل رىسالە» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلانغان «سال-
نامە»دە: «ئاينىڭ ئىككىسى مۇبارەك كۈن بولۇپ، ...
ئۇلۇغلار ئالدىغا بارسا، كۆل ۋە ئېرىق قازسا ئىچىدىن
ياخشى مەنپەئەت كۆرىدۇ...، ئاينىڭ ئونى مۇبارەك كۈن
بولۇپ،... كۆل، ئېرىق قېزىشقا ياخشى سائەتدۇر...» ⑥
دېيىلگەن. بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىچىم-
لىك سۈيىنى تۇرۇبىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشقا ئېشى-
شى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك سۇنى كۆل ۋە سۇ
ئامبارلىرىدا ساقلاش ئەنئەنىسى ئۆزگەردى.

قاپاق — پىلىكى ئۇزۇن، يوپۇرمىقى شالاڭ، چېچە-
كى ئاق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ باراڭدا پىشى-
دۇ، بوغماق، ئىچى كاۋاك كېلىدۇ. قاپاق تازا تورلاشقان-
دىن كېيىن، ئۈزۈلۈپ كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان
جايدا قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ ئىچىدىكى ئۇ-
رۇقى ۋە لەشلىرى ئېلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ تاتلىقىنى يوقىتىۋې-
تىپ سۇ، تۇز، ماي قاتارلىقلارنى ساقلاش ۋە توشۇش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا
«قاپاق — قاپاق...» (1-496)؛ «ساغناغۇ — قۇرۇق
قاپاق» (1-639) دەپ يازغان بولۇپ، قاپاقنىڭ بۇنىڭ-
دىن 1000 يىللار بۇرۇنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇر-

مۇشدا بىر تۇرمۇش بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قاپاقتىن سۇ ئېلىپ ئىچىشتە نوگاي (ئىلى شېۋىسىدە «قاپاق چۆمۈچ» دېيىلىدۇ) ئىشلىتىلگەن بولۇپ، نوگاينىڭ سېپى تۈز ھەم ئۇزۇن، بېشى كىچىكرەك بولغان بىر خىلى. ئادەتتە ئۇنىڭ بېشىدىن مەلۇم چوڭلۇقتا يۇملاق تۆشۈك ئېچىلىپ سۇ ئۇسىدىغان بۇيۇم قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، قاپاقتا سۇ توشۇش ئەپلىك، ئۇنىڭدا سۇ ساقلىغاندا سۇنى سوغۇق ساقلىغىلى بولىدۇ.

كۇپ — سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان چوڭ ساپال ئىدىش بولۇپ، «دىۋان»دا: «كۇپ. كۇپ» (3ـ165) دېيىلگەن. بۇمۇ ئۇيغۇرلاردا سۇ ساقلاش ئۈچۈن كۆپ ئىشلىتىلگەن بۇيۇملارنىڭ بىرى.

سوغا — سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان ياغاچ چېلەك بولۇپ، لوپنۇر دىيالېكتىكىسىدا «چۆگەك»، خوتەن دىيالېكتىكىسىدا «ماتال»، ئاقسۇ شىۋىسىدە «مالتاق» دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. «دىۋان»دا «سۇسىق — سوغا، ياغاچ چېلەك» (1ـ495) دېيىلگەن. «سوغا ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپى ئويۇلۇپ يۇملاق چېلەك ياسىلىدۇ. بۇنداق چېلەكنىڭ ھەر ئىككى ئاغزى چېلەك دىيامېتىرىدىن كىچىك بولىدۇ. ياغاچنىڭ يىلتىز تەرەپتىكى ئۇچىغا پۇتۇن ياغاچ قويۇپ مەھكەم ئېتىلىدۇ ھەمدە ياغاچ يېرىقچىلىرىغا پاختا تىقىپ ھىملەشتۇرۇلىدۇ، چېلەك ئېغىزىغا قاتتىق، ئەمما ئېلاستىكىلىققا ئىگە ياغاچ بىلەن چېلەكنىڭ ئىچى تەرەپتىن تۇتاشتۇرۇلغان تۇتقا ياسىلىدۇ، بۇ تۇتقا ئات-ئۇلاغ بىلەن سۇ توشۇغاندا ئارغامچا بىلەن چىگىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، تۇتقىغا كۆپىنچە... يۇلغۇن ياغىچى ئىشلىتىلىدۇ. سوغىنىڭ ئېگىزلىكى ياغاچنىڭ ئىنچىكە-توملۇقىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئىنچىكە، ئۇزۇن بولسىمۇ، پاكار، كەڭ بولسىمۇ بولمايدۇ. ئادەتتە دىيامېتىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كەلگۇدەك بولسا بولىدۇ. چوڭ سوغا ئاساسلىقى ئىچىملىك سۇ ساقلاشقا ھەمدە ئېشەك ياكى كالىغا ئارتىپ سۇ توشۇشتا ئىشلىتىلىدۇ» ⑦. خەلق قوشاقلىرىدىكى:

«باغىمدا گۈلۈڭ بولسام،
بۇلبۇلدەك تىلىڭ بولسام.
باغقا سۇغا كىرگەندە،
سوغامدا سۈيۈڭ بولسام.» دېگەن قوشاق سوغىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

چېلەك — سۇ ۋە باشقا سۇيۇقلۇقلارنى قاچىلاش، توشۇش ئۈچۈن قەلەيدىن ياسالغان ئىچى كاۋاك سايمان بولۇپ، بۇ ئاساسەن ئۆيلەردە ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋان»دا: «كۆنەك — ئىۋرىق» (1ـ509)؛ «ساغىر — ساغىر. تۆۋى تار، ئاغزى كەڭ بىر خىل قاچا. ئۇنىڭدا ئىچىملىك ساقلىنىدۇ» (1ـ529) دېگەندەك سايمانلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. چېلەك قەلەي، تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىشتىن بۇرۇن ياغاچ چېلەكلەر ۋە ساپال بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ سۇ ساقلانغان. تۇلۇم — قورسىقىنى يارماي سويغان كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇمى. «ساناچ — چاناچ. ساناچ كەسۇرگۇ — چاناچ-تۇلۇم» (1ـ464)؛ «پۇتىق — كىچىك تۇلۇم. قەشقەرچە» (1ـ488)؛ «پۇتىق — ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم. ئۇنىڭدا قىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ساقلىنىدۇ» (1ـ488)؛ «تۇلقۇق — پۈدەلگەن تۇلۇم» (2ـ421)؛ «تۇلۇقلاندى — تۇلۇم بولدى، كۆپتى، ئېسىلدى. تۇلقۇقلاندى نەڭ-نەرسە تۇلۇمدەك ئېسىلدى، كۆپتى (تۇلقۇقلانۇر — تۇلقۇقلانماق)» (2ـ513)؛ «قورلۇق — تورسۇق. قىمىز قاچىلىنىدىغان كىچىك تۇلۇم» (1ـ618). تۇلۇم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە ياغ، قىمىز، سېرىق ماي، بوز قاتارلىق سۇيۇقلۇقلارنى قاچىلاپ ساقلايدىغان بۇيۇم سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. تۇلۇم ھەم يېنىك، ھەم سىغىمچانلىقى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئۇنى چۆل-جەزىرىلەردە سەپەر قىلغاندا سۇ قاچىلاپ ئىشلەتكەن. «يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا» دېگەن تەمسىلگە قارىغاندا ئۇيغۇرلار تۇلۇمنى تېرىق ساقلاش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئىچىملىك سۇنى قاپاق، كۇپ، چېلەك، سوغا، تۇلۇم، ئىدىش... قاتارلىق نەرسىلەردە ساقلاپ كەلگەن.

(2) تۈز ساقلاش ئۇسۇلى

تۈز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىك ئىستېمالىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تۈز قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى مۇقەددەس بىلىنگەن ۋە كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنگەن نەرسىدۇر. «دىۋان»دا تۈز ۋە تۈز

ساقلاش بۇيۇملىرى ھەققىدىمۇ بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، «چاناق — ياغاچتىن ئويۇپ ئىشلەنگەن تۇزلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاچىلار» (1 ـ 495)؛ «تۇزلۇق — تۇزلۇق، تۇز قاچىسى» (1 ـ 611) دېيىلگەن. ئۇيغۇرلار تۇزلۇقنى ئاساسەن قاپاقتىن ياساپ ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە كۇلالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ساپال ئىدىشلارنىمۇ ياساپ تۇز ساقلاشتا ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار گۆش قۇرۇتۇش (سۈرلەش)، مېۋە قاقلىرىنى تەييارلاش، پەمىدۇر، لازا ۋە باشقا كۆكتاتلارنى قۇرۇتۇپ ساقلاشتا تۇزنىڭ ھەر خىل چىرىتكۈچى مىكروبلارنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىدىنمۇ پايدىلىنىلىدۇ.

(3) ياغ (ماي)

ئۇيغۇرلارنىڭ ياغ ئىستېمال قىلىشى ناھايىتى يىراق دەۋرلەردىن باشلانغان بولۇپ، «دىۋان»دا: «چىر — ياغ. ئاشچىتا چىر يوق — قازاندا ياغ يوق. بۇ ئەتتە چىر يوق — بۇ ئەتتە (گۆشتە) ياغ يوق» (1 ـ 424)؛ «ياقرى — ئىچ ماي. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

پىشىدىلۇر ياقرى قىياق
توشغۇرۇر يوغرى چاناق
‹ئىچ ماي، قايماقلار ئېرىتىلىدۇ،
قاچا ـ ئاياغلار توشقۇزۇلىدۇ›» (3 ـ 4)؛ «ياغ — ياغ، سۇ ياغ. ساغ ياغ — سېرىق ماي. ئوغۇزلار چاۋا ياغنى ‹ياغ› دەيدۇ» (2 ـ 218)؛ «تار — سېرىق ياغنىڭ دۇغى، يەنى ياغ ئېرىتىلىپ ئېلىنغاندىن كېيىن قازاننىڭ تېگىدە چۆكۈپ قالغان دۇغ» (3 ـ 203)؛ «ياغسىدى — ياغسىدى نەڭ — ئادەم ياغ تەمىنى تېتىدى. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ياقرى ياغى ياغسىماس — چاۋا ياغ سۇ يېغىنىڭ ئورنىنى باسالماس (ياغسىز — ياغسىماق). بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ‹ياغسادى› بولۇپ، ئىدغام قىلىنغان» (3 ـ 418)؛ «بۇلغاما — ياغسىز ۋە تەمسىز بولماق» (1 ـ 640) دېيىلگەن. ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە ھايۋاناتلارنىڭ ياغلىرىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغان بولسا، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، زىغىر، قىچا، كەندىر، زارائزا، زاغۇن، كۈنجۈت قاتارلىق مايلىق دانلارنى جۇۋازدا تارتىپ ياغ چىقىرىپ ئىستېمال قىلغان. ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى مەزگىللەردە ياغ ساقلاش ئۈچۈن تۇلۇم، چاۋا (مايلىق كۈنجۈرە يۇڭ قېتىلمىسىدىن ياسالغان كوزا) قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەندىن سىرت، ئائىلىلەردە ياغنى قاپاقتا ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. ئادەتتە ياغنى توڭلىتىپ ساقلاش ئۇسۇلىمۇ بار بولۇپ، «ياقرىقان — مۇز ياغ، توڭ ياغ. بۇنداق ياغ پارچىلانغاندا ئۇنىڭدىن مۇزغا ئوخشاش دانچىلار چاچراپ چىقىدۇ» (3 ـ 75) دېيىلگەن. جۇۋازچىلىق ئىشلىرىدا قاپاق كەڭ قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلاردا بارات ئېيىدا ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئۇچىغا ياغ قاپىقىنى ئورنىتىپ ئۇنىڭغا ئوت ياققاندىن كېيىن ئېگىز تام ياكى ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ناخشا ـ قوشاقلار بىلەن «ۋەششەمىسى» توۋلاش (بۇ ئادەتتە ‹قاپاق كۆيدۈرۈش مۇراسىمى› دەپ ئاتىلىدۇ) ئادىتى بار بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ بىز ياغ ساقلىنىدىغان قاپاقنىڭ ئەتىۋارلىنىدىغىنىنى بىلەلەيمىز. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر مايىنى سۇلياۋ ياكى تۇڭلاردا ساقلايدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن سۇ، تۇز، ماي قاتارلىق زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن قاپاق ئىشلىتىدىغان ئادەت ئاساسەن يوقالدى.

**3. مېۋە ـ چېۋىلەرنى ساقلاش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى**

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» بولۇپ، مېۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە سورتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. «ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولۇپ كېتىشتەك زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنىمۇ تاپقان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدە ئېشىنغان گۆش، بېلىقلىرىنى قۇرۇتۇپ قاق قىلىپ زاپاس ساقلاش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مېۋىلەرنىمۇ قاق قىلىشقا ئادەتلەنگەن. قاق قىلىنغان ۋە قىسمەن ھۆل مېۋىلەرنى يىل ـ يىل ئاشۇرۇپ ساقلاش بويىچە مول تەجرىبىلەرنى ياراتقان»⑧. باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قانداق ساقلاش يېمەكلىك سانائىتىدىكى مۇھىم ئۆزەكلەرنىڭ بىرى. مېۋە ـ چېۋىلەرنى ساقلاشنىڭ ئۇسۇل ۋە ئادەتلىرى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك يۈكسەلگەن رايونلاردا بەكرەك تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مېۋە ـ چېۋىلەرنى ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنى ساقلاش

شەكلى جەھەتتىن ئېسىپ ساقلاش، قۇرۇتۇپ ساقلاش، كۆمۈپ ساقلاش، توڭلىتىپ ساقلاش دېگەندەك بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللار خەلقىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئىچىدە يېيىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپ ساقلاش بىلەن ئېسىپ ھۆل پېتى ساقلاش ئۇسۇللىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر باغۋەنچىلىكىدە ئاساسەن ئۈزۈم، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت، ئەينۇلا، ئانار، ئەنجۈر، بېھى، گىلاس، جىنەستە، ياڭاق، بادام، چىلان، شاتۇت، قارا ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ مېۋە-چېۋىلەرنىڭ بەزىلىرىنى قۇرۇتۇپ ساقلاشقا ماس كەلسە، بەزىلىرىنى قۇرۇتۇپ ساقلاشقا ماس كەلمەيدۇ. بەزىلىرىنى ھەم قۇرۇتۇپ ساقلاشقا، ھەم ھۆل پېتى ساقلاشقا بولىدۇ، قايسى ئۇسۇلدا ساقلاش ساقلىماقچى بولغان مېۋىنىڭ خۇسۇسىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.





1) مېۋىلەرنى ھۆل پېتى ساقلاش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى

مېۋىلەرنى ھۆل پېتى ساقلاش قۇرۇتۇپ ساقلاشقا قارىغاندا تەس ھەم مۇرەككەپرەك. بەزى مېۋىلەرنى يازدا ھەممىنى ئىستېمال قىلىپ تۈگىتىپ بولالماسلىق ياكى كىشىلەرنى بۇ مېۋىلەردىن قىشتىمۇ ئىستېمال قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش سەۋەبىدىن بەزى مېۋىلەرنى قىشتىمۇ ھۆل پېتى ساقلاش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. باققاللار ھۆل ھالەتتە ساقلاپ ساتىدىغان مېۋىلەردىن ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، ئەنجۈر، ئالما، ئانار، ئامۇت، نەشپۈت، بېھى، ئالگىرات، ئالۇچا، ئەينۇلا، ئۈزۈم، ئۈجمە، گىلاس، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار بار. مېۋىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنى ساقلاش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەلۇم بىر خىل مېۋىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ساقلاشتا قانداق تېمپېراتۇرا، قانداق مۇھىتنىڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلىش زۆرۈر. شىنجاڭدا 6-ئايدىكى ئۈجمە پىشىشقىدىن تارتىپ 10-ئايغىچە ھەر خىل مېۋىلەر بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ مەي باغلاپ پىشىدۇ. باققاللار كۈندىلىك توپ سېتىۋېلىش ياكى باغ كۆتۈرە ئېلىشتەك ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن توپ ئېلىپ توپ ساتىدۇ ياكى توپ ئېلىپ پارچە ساتىدۇ. بەزى مېۋىلەرنى ئۈزۈپ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئىستېمال قىلمىسا بۇزۇلۇپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى ۋاقىتلىق ساقلاشنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇللىرىمۇ بار. مېۋىلەرنى ھۆل پېتى ساتىدىغان باققاللار مېۋىلەرنى پارچە سېتىپ بولغىچە، ئۇلارنىڭ مەڭلىشىپ قېلىشى (كۆكىرىپ، سۇپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشى)نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سېۋەتنىڭ تېگىگە ياڭاق غازىڭىنى تەكشى يېيىتىپ سېلىپ، ئۈستىنى بىرەر ئىككى باغلام بېدە بىلەن يېپىپ قويۇپ ساقلايدۇ. چۈنكى ياڭاق غازىڭى بىلەن بېدىنىڭ پۇرىقى ئاچچىق ھەم مېۋىلەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاشقا پايدىلىق بولغانلىقتىن شۇلارنى ئىشلىتىدۇ.

ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ساقلاش — بۇ ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ ساقلاشقا قارىغاندا تېخىمۇ تەسرەك بولۇپ، قىشتا ئۈزۈم ساقلاش ئادەتلىرى يازدا قۇرۇتۇپ ساقلاشقا ئوخشىمايدۇ. ئۈزۈملەرنىڭ سورتلىرىدىن قىزىل ئۈزۈم، مۇناقى قاتارلىق ئۈزۈملەر قىشتا ئېسىپ ساقلاشقا ماس كېلە-

دىغان بولۇپ، قىشتا ئۈزۈملەر تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ ساقلىغىلى بولىدىغان قازناق، جو، گەمە قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىدۇ. ئۈزۈملەر قازناق ياكى گەملەرنىڭ بالاڭلىرىغا تال چىۋىقى (ياكى سىم)نى ئۆتكۈزۈپ، چىغىرتماق ياكى شوينا بىلەن ئالمىلاپ ئېسىپ قويۇلىدۇ. چىغىرتماق — سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئەۋرىشىم، نەرسىلەرنى باغلاشقا ۋە قەغەز ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ خوتەن رايونىدا چىغىرتماقنى كېسىۋېلىپ ئاپتاپتا قۇرۇتىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئىككى- ئۈچ كۈن سۇغا چىلاپ قويۇپ، تازا يۇمشىتىپ ئۈزۈم ئېسىشتا ئىشلىتىدۇ. قاغىلىقتا «جو» دەپ ئاتىلىدىغان، ئايۋاننىڭ سۇپىسىنىڭ تېگىدە خۇددى يەر ئاستى ئۆيگە ئوخشاش گەملەر بولۇپ، ئۈزۈملەرنى شۇ گەملەرگە ئېسىپ ساقلايدۇ. تېمپېراتۇرنى تەۋەنلىتىپ، ئۈزۈم تەركىبىدىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېگىگە سۇ سېپىلىدۇ. قىسقىسى، چۈنچە ئۈزۈملەرنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، قازناق، جو ۋە گەملەر ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. باغۋەنلەر، دېھقانلار ئۈزۈمنى كېلەر يىلى 3- ئايلارغىچە ياپېيشىل ساقلىيالايدۇ.

ئالما — ئالما كۆپىنچە قۇمغا كۆمۈپ ساقلىنىدۇ.

ئانار — ھۆل ساقلىنىدىغان مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئانارنى خېلى ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدۇ. «ئانار گەمە، يەر ئاستى ئۆيى، ھاۋا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئىسكىلات ياكى سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتىدا قويۇپ ساقلىنىدۇ، شۇنداقلا ئانارنى سالقىن، نەملىكى مۇۋاپىق بولغان ئۆيلەردە قويۇپ ساقلاشقا بولىدۇ. مېۋىنى ساقلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھەر 15~ 20 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، سېسىغان، سۇيىتى ئۆزگىرىپ قالغان مېۋىلەرنى تاللاپ ئېلىۋېتىش كېرەك. ئەگەر ئانار ھاۋا ئالمىشىپ تۇرىدىغان سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتىدا ساقلانسا ئۈچ- تۆت ئايدىن كېيىنمۇ يۈزى يەنىلا پارقىراق تۇرىدۇ، تەمدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ» ⑨.

ئەنجۈر — ئەنجۈر ھۆل پېتى ساقلاش تەس بولغان مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئەنجۈر ساتىدىغانلار لىگەن ياكى داسلارغا ئەنجۈر تىزغاندا، ئەنجۈرنىڭ بىر- بىرىگە بىۋاستە تېگىشىپ تۇرۇپ ئېزىلىپ شۆلقىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر بىر قەۋەتنىڭ ئارىلىقىغا بىر قەۋەتتىن ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقىنى سالىدۇ، ئامال بار بىر- ئىككى كۈن ئىچىدە سېتىپ تۈگىتىدۇ.

2) مېۋە- چېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ ساقلاشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يىلنىڭ تۆتلا پەسلىدە دېگۈدەك ھەر خىل قۇرۇق يېمىشلەر تېپىلىدۇ. ئۇيغۇرلار مېۋە- چېۋىلەرنى قۇرۇتۇشتا پەقەتلا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنىلا ئويلىماستىن، بەلكى بەزى مېۋىلەرنىڭ قۇرۇتۇلغاندا ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىغىمۇ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرۇتۇپ ساقلايدىغان مېۋىلەر ئاساسەن ئۈزۈم، ئۈجمە، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت، ئەينۇلا، ئەنجۈر، بېھى، ياڭاق، بادام، چىلان، قارا ئۆرۈك قاتارلىقلاردۇر. بۇ مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن قاق تەييارلايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە يېزا- سەھرالاردا مېۋە- چېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارنى قۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا، يېزىلاردا كۆپ مىقداردىكى مېۋە- چېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، تېخىمۇ زور ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېۋە- چېۋىلەرنى ساقلاشقا ئائىت يەرلىك بىلىملىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىقمۇ زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش تامامەن مۇمكىن. مېۋىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنى قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرىدىمۇ قىسمەن پەرقلەر بولىدۇ.

ئۈزۈم — ئۈزۈمچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە ئىگىلىك ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ھاۋا ئىقلىمى ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. ئۈزۈم ساقلاش ئۇسۇللىرى تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قۇرۇق ئۈزۈملەر ئىچىدە تۇرپاننىڭ كىشمىشى بىلەن خوتەننىڭ قىزىل ئۈزۈمى ناھايىتى داڭلىق. ئۈزۈملەر ئاساسلىقى قۇرۇتۇپ ساقلاش ۋە ئېسىپ ھۆل پېتى ساقلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ساقلىنىدۇ. مېۋىلەر ئىچىدە ئۈزۈم قۇرۇتۇپ ساقلاشقا بەك مۇۋاپىق. گەرچە ئۈزۈمدىن ھەر

خىل يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بولسىمۇ، لېكىن
شىنجاڭدا ئۈزاقتىن بۇيان قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەش ئاساس
قىلىپ كېلىنگەن. بۇ شىنجاڭنىڭ قۇرغاق كىلىماتى، ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ مىجەز تەبىئىتى ۋە باشقا ھەر خىل ئامىللار تە-
رىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۈزۈملەرنى قۇرۇتۇشنىڭ ئۇسۇلـ-
نى قۇرۇتۇش ئورنىغا قاراپ، چۈنچىلەردە ئېسىپ قۇرۇ-
تۇش ۋە كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان ئۆگزە ياكى خا-
مانلارغا تىزىپ قۇرۇتۇش، يەنى ئېسىپ قۇرۇتۇش ۋە
يېيىپ قۇرۇتۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. قۇ-
رۇتۇش شەكلىگە قاراپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇش، شامالدا قۇرۇ-
تۇش ۋە قاقلاپ قۇرۇتۇش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
شىنجاڭدا نىسبەتەن كەڭ ئومۇملاشقان ئۈزۈم سورتلىرى-
دىن كىشمىش، ئۈزۈن كىشمىش، يوغان كىشمىش، ئۇرۇق-
لۇق كىشمىش، قىزىل سايىۋا، سايىۋا ئۈزۈم، ئاق ئۈزۈم،
قارا ئۈزۈم، غۇنچە ئۈزۈم، بىجاقى ئۈزۈم، قىزىل بېلىقى
ئۈزۈم، ئاق بېلىقى ئۈزۈم، قاشقىر ئۈزۈم، بوغۇم سايىۋا،
ھىمرىك سايىۋا، يۇمىلاق سايىۋا، قاپاق سايىۋا، كەنجى
ئۈزۈم قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىسى قۇرۇ-
تۇشقا ماس كېلىدۇ، بەزىسى ئېسىپ ھۆل پېتى ساقلاشقا
بەكرەك ماس كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاق كىشمىش
ئۈزۈم بىلەن خوتەن قىزىل ئۈزۈمىنىڭ تەمى شېرىن،
پوستى نېپىز، قۇرۇتۇپ ساقلاشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ. قۇ-
رۇتۇپ ساقلىنىدىغان ئۈزۈملەرنى يەنە ئۇرۇقلۇق قۇرۇق
ئۈزۈم ۋە ئۇرۇقسىز قۇرۇق ئۈزۈم، دەپ ئىككى تۈرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرۇتىدىغان ئۈزۈملەر ئىچى-
دە ئۇرۇقسىز ئۈزۈملەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. خوتەن
تەرەپلەردە ئۇرۇقلۇق ئۈزۈملەر كۆپرەك قۇرۇتۇلىدۇ.
چۈنكى خوتەندىن ئۇرۇقلۇق ئۈزۈملەر كۆپ چىقىدۇ. قۇ-
رۇتۇلىدىغان ئۇرۇقلۇق ئۈزۈملەردىن خوتەن قىزىل ئۈ-
زۈمى، سايىۋا ئۈزۈم (خوتەندە «سايىكە» دېيىلىدۇ)،
قەشقەر ئۈزۈمى ۋە تۇرپان قىزىل ئۈزۈمى قاتارلىقلار
بار. تۇرپان تەرەپلەردە ئۇرۇقسىز ئۈزۈملەر كۆپرەك قۇ-
رۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈزۈملەرنى قۇرۇتۇپ ساقلاش
ئادىتى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل داۋام-
لىشىپ كېلىۋاتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا:
«ئۈزۈم ـــ ئۈزۈم» (1 ـ 103)، «ئۇسكىچ ـــ قۇرۇق
ئۈزۈم» (1 ـ 216)؛ «قۇرىتغان ـــ قۇرۇتىدىغان. بۇ ئەر



ئول تەلىم ئۈزۈم قۇرىتغان ـــ بۇ تولا ئۈزۈم قۇرۇتىدى-
غان ئادەم. باشقا نەرسىلەرنى قۇرۇتۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز
ئىشلىتىلىدۇ» (1 ـ 667) دېيىلگەن. بۇ سۆز ئۇيغۇرلاردا
ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئادىتىنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇنمۇ بار ئە-
كەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. لىۋ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارى-
خى» ناملىق كىتابىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق
دەيدۇ: «كۆلىمى ۋە سودا خاراكتېرىدىن ئىبارەت ئالاھى-
دىلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مېۋىلەرنى ساقلاش ئۇسۇ-
لىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ
كېڭەيگەنلىكى شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باغ-
ۋەنچىلىكنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىناتتى.
ئۈزۈم قۇرۇتۇش ـــ بۇنى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ باغ-
ۋەنچىلىك جەھەتتىكى زور كەشپىياتى دېسەك مۇبالىغە
بولمايدۇ. يەكەن، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۇ-
رۇقلۇق ئۈزۈملەر قۇرۇتۇلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا قوغۇن،
ئالما، تاۋۇز، ھۆل ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلارمۇ يېڭى ئۇ-
سۇلدا ئەينى پېتىچە ساقلىناتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى
ھەتتا ئىككىنچى يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىگىچە ساقلىنىدىغان
بولغان. بەزى مېۋىلەر، مەسىلەن، ئانار بىر قانچە يىللار-
غىچە ساقلىناتتى. يېڭى ساقلاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى
ئارقىسىدا، مېۋىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيدى...
باغۋەنچىلىك تۈرلۈك تەشۋىشتىن خالاس بولدى» [10]. ئۈ-
زۈمنى ئېسىپ قۇرۇتۇش تۇرپان تەرەپلەردە كەڭ ئومۇم-
لاشقان بولۇپ، تۇرپاننىڭ ياز پەسلى ئۇزاق، ھۆل-يېغىن
مىقدارى ئاز، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۈزۈم

قۇرۇتۇشقا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. «تۇرپاندا شەھەر سىرتىدىكى ئېگىز يەرلەرگە، ئۆگزىلەرگە سېلىنغان تۆت تېمى كۆنگەيلىك ئۆيلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئۆيلەر ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ ‹چۈنچە› دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنچە ئومۇمەن شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان يەرلەرگە سېلىنىدۇ. چۈنچىنىڭ تۆت تېمى مەلۇم ئۆلچەمدە تۆشۈك بولۇپ، تېمىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ-تۆت مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۈستى ياپما بولىدۇ. چۈنچىنىڭ ئىچىگە كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ، چۈنچىنىڭ ئىچىگە بويىدىن بويىغا بادرا ئورنىتىلىدۇ. بادرىلارغا تۆشۈك تېشىلىپ قوزۇق قېقىلىدۇ. بۇ قوزۇق ‹تىكەن› دەپ ئاتىلىدۇ (تۇرپاننىڭ بەزى يەرلىرىدە بولسا ‹چاقۇا› دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئۈزۈم پىشقاندا مەخسۇس ئۇستىلار تەرىپىدىن ئۈزۈم ساپىقى بىلەن ئاشۇ تىكەنگە ئېسىلىدۇ. ئۈزۈم 40 ـ 50 كۈندە قۇرۇيدۇ. ئۈزۈم قۇرۇغاندا تىكەننى سىلكىگەندە ئۈزۈم يەرگە تۆكۈلىدۇ. ئۈزۈم سايە يەردە، شامالدا قۇرۇيدىغانلىقى ئۈچۈن رەڭگى يېشىل، سۆسۈن بولىدۇ. بۇ خىل ئۈزۈمنى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ. بىر چۈنچىدە بىرەر يۈز، ئىككى يۈز، ھەتتا ئۈنىڭدىن ئارتۇق تىكەن بولىدۇ»⑪. جەنۇب تەرەپلەردە بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەندە ئۈزۈملەرنى خاماندا ياكى ئۆگزىدە قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بەك ئومۇملاشقان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەتئەللەر ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۈزۈمنى قۇرۇتۇشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇللىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار ئاساسەن تۇرپان تەرەپلەردە كۆپرەك قوللىنىلغان. بۇ ئۇسۇللاردىن ئۈزۈمنى سالقىندا قۇرۇتۇش ئۇسۇلى، ئىششارغا چىلاپ گۈگگۈرتتە ئىسلاپ قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ۋە سوغۇقتا تېز قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بار. گەرچە بۇ ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلغاندا ئۈزۈملەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاشسىمۇ، لېكىن ئۈزۈمنىڭ تەمى، سۈپىتى، قۇۋۋىتى يەرلىك ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلغان ئۈزۈملەرنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

ياڭاق — شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋە قاغىلىق قاتارلىق جايلىرىدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، ياڭاق ئادەتتە ماك بولغان ۋاقىتتا قېقىلىدۇ. «دىۋان»دا «ئاقى — ئاقلانغان، تازا. ئاقى ياغاق — ماك بولغان، پوستى ئاجرالغان ياڭاق» (1 ـ 121) دەپ خاتىرىلەنگەن. «ماك بولغان» ھالەت ياڭاقنى پوستىدىن ئاجرىغاندىكى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. ياڭاق قاقاندا ئائىلە ئەزالىرى ھەممىسى ياڭاق تۈۋىگە كېلىدۇ. ياڭاقنى ئاساسەن ئەرلەر قاقىدۇ، قىز-ئاياللار تۈۋىگە چۈشكەنلىرىنى تېرىپ بىر يەرگە يىغىدۇ. ياڭاقلار قېقىلىپ بىر يەرگە يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ياڭاق تۈۋىدىلا ساناپ خالتا، تاغارلارغا قاچىلىنىدۇ. ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ ساناپدىغانلارمۇ بولىدۇ. ياڭاق ئىگىلىرى ياڭاقنى قېقىپ، ئېلىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، كىچىك باللار كېلىپ قېقىلماي قېپقالغان ياكى ياڭاقنى تەرگەندە تولۇق تېرىلمەي قالغان ياڭاقلارنى ئىزدەپ تېپىشقا باشلايدۇ. بۇ «ياڭاق پىسىڭداش» دەپ ئاتىلىدۇ. باللار پىسىڭدىغان ياڭاقلىرى بىلەن ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. «دىۋان»دا: «ئەتەچلىك ياڭاق ئويناش ئۈچۈن قىزىلما ئورەك» (1 ـ 205) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ياڭاقنىڭ ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان مېۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن باللار ئىگىسى تېخى قاقمىغان ياڭاقلارنىڭ تۈۋىگە ھەرگىز بارمايدۇ. كىچىك باللار پىسىڭدىغان ياڭاقلارنى سېتىپ پۇلىغا دەپتەر، قەلەم، چۈجە، ۋېلىسىپىت، ئويۇنچۇق... دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ ياكى ئاتا-ئانىلىرى ئېلىپ بېرىدۇ. ئادەتتە ياڭاق پىسىڭداشقا ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئاتا-ئانىلارمۇ باللىرىنىڭ ياڭاق پىسىڭدىشىنى توسۇمايدۇ ھەمدە باللىرىنىڭ ياڭاق قېقىشىنى، ئېگىز دەرەخلەرگە يامىشىشنى ئۆگىنىشىنى خالايدۇ. باللار ئادەتتە مەكتەپتىن قايتقاندا ئۈچ-تۆت بولۇپ بىللە ياڭاق پىسىڭدايدۇ. ھەمكارلىشىپ ياڭاق پىسىڭدىغانلارنىڭ بەزىلىرى تەڭدىن بۆلۈشسە، بەزىلىرى ياڭاققا چىققانلار كۆپرەك، تۈۋىدە تۇرۇپ تەرگەنلەر ئازراق ئالىدۇ. بۇ ئۇلاردىكى تەقسىمات ئېڭىنىڭ ئىپادىسى. ياڭاق قېقىپ ئۆيگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئېغىلغا ياكى قازناقلارغا تۆكۈلىدۇ. ئارىدىن ھەپتە-ئون كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئائىلىدىكى ئاياللار ۋە باللار قوللىرىغا پەلەي كىيىپ (قولنىڭ داغ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن) ياڭاق قاسايدۇ. «قاساش» ماك بولمىغان ياكى چالا ماك بولۇپ قالغان ياڭاقلارنى پىچاق بىلەن پوستىدىن ئاجرىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ياڭاقنىڭ قاساپ ئېلىۋېتىلگەن پوستى «قاسال» دەپ ئاتىلىدۇ. ياڭاق قاسلىپ بولۇنغاندىن كېيىن پاكىز يۇيۇۋېتىلىپ سېۋەت ياكى خالتا-تاغارلاردا ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىلىپ، ئاستىغا بورا ياكى

باشقا نەرسىلەرنى سېلىپ تۆت-بەش كۈن ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ، قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تاغارلارغا قاچىلىنىپ ساقلىنىدۇ.

ئۈجمە — ئۈجمە — (ئېغىز تىلىدا «ئۈژمە» دېيىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكتلىرىدا «جۈجەم»مۇ دېيىلىدۇ) شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەردە كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ياكى ئېتىزلارنىڭ باش-ئاياغ قىرلىرىغا تىكىلىدۇ. شىنجاڭدا ئۈجمىنىڭ قارا ئۈجمە، ئاق ئۈجمە ۋە چېقىر ئۈجمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تۈرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۈجمە «دىۋان»دىمۇ نامى تىلغا ئېلىنغان مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، «دىۋان»دا: «ئۈژمە — ئۈژمە.» (1-175)؛ «ئۈژۈملەندى — يىغاچ ئۈژۈملەندى- دەرەخ ئۈژمىلەندى، يەنى ئۈجمە دەرىخدە ئۈجمە بولدى (ئۈژۈملەرنۇر — ئۈژۈملەنمەك)» (1-391) دېيىلگەن. ئۈجمىنىڭ توسالغۇلارنى ئېچىش، تەبىئەتنى يۇمشىتىش، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، بەلغەم بوشىتىش، ساپ قان پەيدا قىلىش، ئىششىق قايتۇرۇش، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، قىزىتما ياندۇرۇش، سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، تېرىگە رەڭ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۈجمىلەرنى قۇرۇتۇپ ۋاسالغۇ (قۇرۇتۇلغان ئۈجمە خوتەن دىيالېكتىسىدا «ۋاسالغۇ» دېيىلىدۇ) سېلىنىدۇ. بۇ ئادەت خوتەن رايونىدا بەكرەك ئومۇملاشقان. ئۈجمە راسا مەي باغلاپ پىشقاندا، ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا چوڭ ئەديال (خوتەندە ‹شىلدىشاپ›مۇ دېيىلىدۇ) تۇتۇپ تۇرۇپ ئۈجمە دەرىخىنى ئىرغىتىدۇ. ئۈجمە مېۋىسىنى تاياق-كالتەكلەردە قاقمايدۇ، چۈنكى قاقسا ئۇنىڭ توڭلىرىمۇ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈجمىنى توپىغا مىلىمەي پاكىز ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان جايغا بورا سېلىپ قۇرۇتىدۇ، قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن نەم تارتىپ قالمايدىغان يەردە ساقلاپ ئىستېمال قىلىدۇ.

ئۆرۈك — ئۆرۈكنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، خۇۋەينى ئۆرۈك، ئەنجان ئۆرۈك، مايسەن ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك، خەششەك ئۆرۈك، سەمەت ئۆرۈك، كىشمىش ئۆرۈك، كۆك پىشار، گۈل ئۆرۈك، تاغ جانانىسى قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلار ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «قاق» دەپ ئاتايدۇ، «گۈلە» كۆپىنچە ئۆرۈك قېقىغا قارىتىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «كۇچانىڭ گۈلىسى تاتلىق، كەلپىننىڭ گۈلىسى ئەتلىك» دېگەن باھا بار. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۇچا، قەشقەر، بۈگۈرنىڭ ئۆرۈك قېقى، كۇچانىڭ خورما قېقى بەك داڭلىق. ئۆرۈكلەرنى قۇرۇتۇشنىڭ ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئۆگزە ياكى كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان يەرگە بورا سېلىپ ئۆرۈكنى تەكشى يېيىپ قۇرۇتۇش. بۇنداق قىلغاندا بورىنىڭ ئاستىدىنمۇ شامال ئۆتۈشۈپ ئىتتىك ھەم سۈپەتلىك، توپا-توزان يۇقماي پاكىز قۇرۇيدۇ. يەنە بىر خۇمدانىدا ئىسلاپ قۇرۇتۇشتۇر. بۇنىڭدا كېيىنكىسىنىڭ جەريانى سەل ئۇزاقراق بولىدۇ. «دىۋان» دا: «ئۇخاق — ئۆرۈك قېقىنىڭ شىرنىسى. بۇ ئىچىلىدۇ» (1-165)؛ «چاخشاق — ئۆرۈك قېقى ۋە ئۈزۈم ۋاسالغۇسى. قارلۇقچە» (1-613)؛ «قاق — قاق. ئەرۈك قاقى — ئۆرۈك قېقى، گۈلە. باشقىلاردىمۇ شۇنداق» (2-411)؛ «قاققۇق — قاق. يېرىپ قۇرۇتۇلغان قاق. بۇ سۆز جۇپ سۆز بويىچە قوللىنىلىدۇ» (3-179)؛ «كۆلى — گۈلى ~ گۈلە. ئاجراتماي ئۈچكىسى بىلەن قۇرۇتۇلغان ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىقلار» (3-322) دېيىلگەن. «دىۋان»دا «ئۆرۈك قېقى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ خاتىرىلەنگىنىگە قارىغاندا ئۆرۈكلەرنى قۇرۇتۇش ئادىتى بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنمۇ بار ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. «ئۇيغۇر باغۋەنلىرى ئادەتتىكى ئۆرۈك ۋە شاپتۇلنى كاۋاكشىغان مەزگىلدە ئۈزۈپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتىدۇ. ئۆرۈكتىن قاق (گۈلە) تەييارلاش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل بولۇپ، سۈپەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك خۇۋەينى ئۆرۈكنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ ئۇنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا كۆلەڭگە كۆرسەتمەي، نەم تەگكۈزمەي قۇرۇتىدۇ. بۇ خىل گۈلە سۈزۈك، قارامتۇل گۆشلۈك قۇرۇيدۇ، قۇرۇش جەريانىدا شىرە باغلايدۇ. يەنە بەزىدە ئادەتتىكى خۇۋەينى ئۆرۈك ياكى باشقا سورتتىكى ئۆرۈكلەرنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ شور تۇزنى قايىنىتىپ سوۋۇتۇپ چويلا بىلەن تۇزغا سېلىپ بورىغا يېيىپ قۇرۇتىدۇ، بۇ خىل گۈلىگە چىۋىن قونمايدۇ، قۇرتلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈزۈك قۇرۇيدۇ. قۇرت چۈشمەسلىك ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان گۈلە

قاچىسىغا شور تۇزنى چوقۇپ سېلىپ قويىدۇ» ⑫.

شاپتۇل — شاپتۇلنىڭ يارماي قۇرۇتۇلغان قېقى «مۇنەك» دېيىلىدۇ. «دىۋان»دا: «لاۋ ـ موم. شاپتۇل قېقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق» (3 ـ 212) دېيىلگەن. شىنجاڭدا قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ شاپتۇل قېقى داڭلىق.

ئامۇت — ئامۇتمۇ قۇرۇتۇلىدىغان بولۇپ، «دىۋان»دا: «ئارمۇت — ئامۇت» (1 ـ 128)؛ «قاتۇت — قاق. ئارمۇت قاتۇتى— ئامۇت قېقى. بارسغانچە» (2 ـ 414) دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئامۇتنى قۇرۇتۇپ ساقلاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئەينۇلا — ئەينۇلا ياغاچ غوللۇق يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ بولۇپ، سورتلىرى كۆپ، سوغۇققا چىدامىلىق؛ يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك؛ باھاردا چېچەكلەيدۇ، گۈلتاجى ياپراقچىسى بەش تال، ئاق، قىزىل، ھال رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ؛ مېۋىسى شار شەكىلدە، رەڭگى يېشىل، پىشقاندا سېرىققا ئۆزگىرىدۇ، تەمى چۈچۈمەل. مېۋىسىنى تولۇق پىشمىغان ۋاقتىدا ئۈزۈۋېلىپ، ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتۇپ، قۇرۇتۇلغان مېۋىنى كۈچلۈك ئوتتا شۆپۈكى كۆپكىچە قورۇپ، ئازراق سۇ چېچىپ، يەنە قۇرىتىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئەينۇلنى ئېلىپ، تولۇق نەملەپ، ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، يەنە ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئەينۇلا قېقى تەييارلىنىدۇ.

ئەنجۈر — ئۇيغۇرلار ئەنجۈرنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلغاندىن باشقا، ئۇنى قۇرۇتۇپ ئەنجۈر قېقى قىلىپ ساقلايدۇ ۋە تېبابەتتىمۇ ئىشلىتىدۇ. ئەنجۈر قېقى — تولۇق پىشقان ئەنجۈرنى ئۈزۈپ ئېلىپ، سۇدا پاكىز چايقىۋېتىپ ئېلىپ ھاۋا ئۆتۈشىدىغان، سالقىنراق، كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان يەرگە پاكىز بورا، يالتىراقتەك بىرەر نەرسە سېلىپ يېيىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر قاق قىلىنىدىغان ئەنجۈر ئانچە كۆپ بولمىسا ئۆتكەمە، غەلۋىر ۋە سېۋەتكە ئوخشاش نەرسىلەردىمۇ ئېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرىسا رەخت خالتىلارغا سېلىپ ساقلىنىدۇ. ئەگەر يەنە قازانغا سېلىپ قايناتسا ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ. ئاتۇشنىڭ ئەنجۈر قېقى ئەزەلدىن ناھايىتى داڭلىق. ئەنجۈر قېقىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ مۇراببا قىلىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەنجۈرنى ساقلاشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى مۇراببا قىلىپ ساقلاشتۇر. مۇراببا قىلغاندا ئەنجۈرنى ئۈزۈپ، قۇرۇق سۇدا يۇيۇپ، بىر تال ئەنجۈرنى ئىككى ـ ئۈچ پارچىگە بۆلۈپ قازاندا قايىنتىپ ئۇرۇقىنى ئايرىپ ئېلىۋېتىپ، ئاندىن سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قازاندا قېپقالغان سۈيىنى شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ، سۈزۈپ ئېلىپ قويۇلغان ئەنجۈرنى شۇ قىيامغا سېلىپ تەكشى، تولۇق ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتۇلغان قاچىلارغا ئېلىپ ساقلىنىدۇ.

بېھى — يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. مېۋىسى خۇش پۇراقلىق، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، مۇراببا قايىنتىشقا ياكى دورا ياساشقا بولىدۇ «بېھى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا كۆپرەك تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. پولۇنى دۆملەشتىن ئاۋۋال، بېھىلەرنى ياخشى سۇرتۇپ، تۇكلىرىنى تازىلاپ، ھەر بىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇرۇقلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ. پولۇنى دۆملەشتە تەييارلانغان بېھىلەر گۈرۈچنىڭ ئۈستىگە دۆم قويۇلىدۇ. ئادەتتە ھۆل پېتى ساقلىنىدۇ. ئوتقا كۆمۈپ يېسە زۇكامغا پايدا قىلىدۇ.

چىلان — رەڭگى قىزىل، ئۇرۇقى بار، تەمى تاتلىق مېۋە بولۇپ، قۇرۇق مېۋە ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. شىنجاڭدا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قومۇل قاتارلىق جايلاردا كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قومۇلنىڭ چىلىنى ئەڭ داڭلىق. شىنجاڭ چىلىنى 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا پىشىدۇ. شۇڭا چىلاننى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇتۇشقا بولىدۇ. ئادەتتە چىلاننى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ، ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. «قۇرۇتۇلىدىغان



چىلان سورتلىرى قوڭغۇراق چىلان، ئۇرۇقسىز چىلان، سوقا چىلان، پۇراقلىق چىلان، پومزەك چىلان، مۇناقى چىلان قاتارلىقلار. ھۆل پېتى يېيىلىدىغان چىلان سورتلىرى سېرىق يىپلىق چىلان، كۈلرەڭ چىلان، ئارغىماق چىلان، چوڭگۈنسىمان چىلان، ئۈزۈنچاق چىلان»⑬ قاتارلىقلاردۇر. چىلاننى «قۇرۇتۇپ ساقلاش، چىلان مۇرابباسى قىلىپ ساقلاش، شېكەر چىلىنى قىلىپ ساقلاش، چىلاننى بىر قېتىم يۇيۇپ كېيىن دەرھال شامالدىتىپ ھاراقتا چىلاپ ساقلاش (بۇ تۈنىكە قاچا، ئەينەك بوتۇلكا ياكى پاكىز، قېلىنراق سۇلياۋ خالتا ئىچىگە سېلىپ ساقلىنىدۇ)، ئەگەر كۆپ ساقلاش ئېھتىياجلىق بولسا چوڭ ئىدىش، كوزىدا ساقلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ»⑭.

خەلقىمىزدە قۇرۇتۇپ ساقلاش ئۇسۇلى كەڭ ئومۇملاشقان. چۈنكى شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆل يېغىن مىقدارى ئاز، كۈن نۇرى كۈچلۈك بولغاچقا، باشقا ئۇسۇللارغا قارىغاندا قۇرۇتۇپ ساقلاش بەكرەك ماس كېلىدۇ. چىلاننى قۇرۇتۇشنىڭ خامان ياكى ئۆگزىگە يېيىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇش، ئېسىپ قۇرۇتۇش، كاڭغا سېلىپ قۇرۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللىرى بار.

قارا ئۆرۈك — يوپۇرماق سېپىدا ئاق تۈكلەر بولىدۇ، سوقچاق، گىرۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان كېلىدۇ؛ گۈلى ئاق، گۈلتاجىسى بەش، ئۇچكىلىك مېۋىسى سوقچاق، رەڭگى قارامتۇل سۆسۈن، ئۇچكىسى كىچىكرەك، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. پىشقاندا مېۋىسىنى يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ، شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

جىگدە — رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كەلگەن، ئۇچكىلىك مېۋىسى سوقچاق. مېۋىسى پىشقاندا مېۋىسىنى يىغىۋېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە خالتىلاردا ساقلىنىدۇ. «دىۋان»دا: «يىگدە — جىگدە» (3-39) دېيىلگەن. ئۇيغۇر ئەل ئىچى تېبابىتىدە ئىچى سۈرۈپ قالغانلارغا جىگدە بۇيرۇيدۇ. شۇڭا جىگدە يېزا-سەھرالاردا، ئۆي-ئۆيلەردە ساقلىنىدۇ.

**4. گۆش، ياغلارنى ساقلاش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى**

گۆش، ياغلار ئىسسىقتا ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدىغان بولغاچقا ئۇلارنى ساقلاشنىڭمۇ ئۆزگىچە ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلگەن. گۆشنى ساقلاشتا ئېسىپ قويۇپ ساقلاش، قۇرۇتۇپ ساقلاش، سۈرلەش، سوقۇم قىلىش قاتارلىق بىر قانچە خىل ئۇسۇللار قوللىنىلغان. ئېسىپ قويۇپ ساقلىغاندا گۆشلەر «كانار، قىنە»لەرگە ئېسىپ قويۇپ ساقلايدۇ. كانار — گۆش ئاسىدىغان ۋە گۆش ئېسىپ پارچىلايدىغان ئىلمەكلىك جاھاز، ئىلغۇچ بولۇپ، خوتەن دىيالېكتىكىسىدا «قەن، قىنە» دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «ئەتلىك — كانارا، گۆش ئېسىلىدىغان ئىلغۇ...» (1-137)؛ «ئاستۇردى — ئاستۇردى. ئۇل ئەر ئاستۇردى — ئۇ ئادەمنى ئاستۇردى. ئۇل ئەت ئاستۇردى — ئۇ گۆش ئاستۇردى، گۆشنى قوزۇققا ئېسىشقا بۇيرۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ئاستۇرۇر - ئاستۇرماق)» (1-295) دەيدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «ئاسقىدا گۆش بولسا، بىر كۈن مېھمانغا يارار»، «كانار قۇرۇق چاغدا قوناق كەپتۇ»... دېگەن ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ گۆشنى ئېسىپ ساقلاش ئادىتىدىن دالالەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە گۆشنى قۇرۇتۇپ ساقلايدىغان ئادەتمۇ بولغان. مەسىلەن، «دىۋان»دا: «قاق — قاق ئەت — قاق گۆش، قاق قىلىنغان گۆش. قۇرۇتۇلغان ھەر قانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» (2-411)؛ «قاقلاندى — قاقلاندى، قان قىلىندى، قۇرۇتۇلدى، ئەت قاقلاندى — گۆش قاقلاندى، قاق قىلىندى» (2-367)؛ «يازۇق — يازۇق ئەت — كۈزدە ھەر خىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن قۇرۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش. بۇ ‹ياز ئۇق يې — ئەتىيازدىلا يە› دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. چۈنكى، ئەتىيازدا ماللار ئورۇقلايدۇ، مۇشۇنداق گۆشى بار كىشى ئەتىيازدىمۇ سېمىز گۆش يەيدۇ» (3-19)؛ «قاقسىدى — قاق بولاي دېدى. ئەت قاقسىدى — ئەت (گۆش) قاق بولاي دېدى (قاقسىز — قاقسىماق)» (3-389) دېيىلگەن.

ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، قىشتا گۆش ساقلاش ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چۆچەك، غۇلجا، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ھەر يىلى 12-ئاي مەزگىللىرىدە بىرەر ئات ياكى كالىنى سوقۇم قىلىپ قىشتا ئوزۇقلۇق قىلىش ئۈچۈن گۆش تەييارلىۋالىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇ ئادەت «سوقۇم»، «سوقۇم قىلىش» دېيىلىدۇ. «سوقۇم» سۆزى بەلكىم «توقۇم» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، «دىۋان»دا: «توقۇم — سويۇلىدىغان مال. بۇ

سۆز كۆپىنچە سويۇلىدىغان ئاتقا ئىشلىتىلىدۇ» (1 ـ 515)
دېيىلگەن. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا «توقۇم» سۆزى
«سوقۇم»غا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. سوقۇملۇق
مال ناھايىتى ياخشى بېقىلىدۇ. «سوقۇمغا قوي، كالا،
ئات، تۆگە قاتارلىق ماللار سويۇلىدۇ... قوچقار، تېكە،
بۇقا، ئايغىر، بۇرى (تۆگىنىڭ ئەركىكى) قاتارلىق ئەركەك
ماللار ئاساسەن سويۇلمايدۇ. سەۋەبى ئەركەك ماللارنىڭ
گۆشى پۇرايدۇ... 12 ـ ئايلاردا سويۇلغان سوقۇم گۆشى
3 ـ، 4 ـ ئاي، ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە 5 ـ، 6 ـ ئايلارغىچە
ساقلىنىدۇ. سوقۇم گۆشكە تۇز، سامساق، قارىمۇچ قاتار-
لىقلار ئىشلىتىلىدۇ... سوقۇم گۆشى پارچىلىنىپ بولغاندىن
كېيىن تۇز بىلەن سامساقنى ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇم گۆشى
تۇزلاپ چىقىلىدۇ. تۇز گۆشكە تەم كىرگۈزسە، سامساق
ھەم تەملىك قىلىدۇ، ھەم ھەر خىل باكتېرىيەلەرنى يوقىتى-
دۇ... تۇزلانغان سوقۇم گۆش تۇز ۋە سامساق بىلەن ئا-
رىلاشتۇرۇلۇپ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن
مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيدە ئارچا دەرىخى ياكى ئالما
دەرىخىنىڭ ياغىچى كۆيدۈرۈپ سۈرلىنىدۇ»⑮. ئۇيغۇر-
لاردا سوقۇم قىلىش ئادىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە.
«دىۋان» دا يەنە سوقۇم تەييارلاشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى
بولغان گۆشنى تۇزلاشقا ئائىت بايانلار خېلى كوپ. مەسى-
لەن، «تۇزلاندى ـــ تۇزلاندى. ئەت تۇزلاندى ـــ ئەت
(گۆش) تۇزلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تۇزلانۇر ـــ
تۇزلانماق)» (2 ـ 354)؛ «تۇزلاتتى ـــ تۇزلاتتى. ئول
ئەت تۇزلاتتى ـــ ئۇ گۆش تۇزلاتتى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (تۇزلاتۇر ـــ تۇزلاتماق)» (2 ـ 501)؛ «تۇزدى ـــ
تۇزلىدى. ئول ئەت تۇزدى ـــ ئۇ ئەت (گۆش) تۇزلىدى.
بۇ سۆز ‹تۇزلادى› سۆزى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ» (3 ـ
360)؛ «تۇزلادى ـــ تۇزلىدى. ئول ئەت تۇزلادى ـــ ئۇ
ئەت (گۆش) تۇزلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تۇزلار ـــ
تۇزلاماق)» (3 ـ 401) دېيىلگەن. بۇ بايانلاردىن بىز
ئەينى دەۋرلەردە گۆشنى تۇزلاپ سوقۇم قىلىپ ساقلاش
ئادىتىنىڭ كۆپ قوللىنىلغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. ئادەت-
تە تۇزلانغان، سۈرلەنگەن سوقۇم گۆشلەر «مەخسۇس
تەييارلانغان ئۆيلەردىكى ئاسقۇلارغا رەتلىك ئېسىپ قويۇ-
لىدۇ ياكى ئۇن ساندۇقلىرىغا سېلىنىپ ئۇنغا ئارىلاشتۇرۇ-
لۇپ، ئۇن بىلەن كۆمۈپ قويۇلىدۇ ۋە ياكى شامالغا
سېلىپ قۇرۇتۇلۇپ خالتا، تاغارلارغا قاچىلىنىپ قارغا
كۆمۈپ قويۇلىدۇ. تاغلىق رايونلاردا بولسا ھاۋا ئۆتتۈشـ-
مەيدىغان، كۈن چۈشمەيدىغان ئۆڭكۈرلەردىمۇ ساقلىنىدۇ»⑯.
گۆشنى تۇزلاپ، سۈرلەپ ساقلاش ئادىتى ئۇيغۇرلار چار-
ۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە شە-
كىللەنگەن ۋە ئومۇملاشقان ئادەت دەپ قاراشقا بولىدۇ.
مەيلى ئوۋچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى چار-
ۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە بولسۇن ئىنسانلار ھەر ۋاقىت
ئۆز ئەمگەك مېۋىسى بولغان گۆشلەرنى ساقلاشنىڭ زۆرۈ-
رىيىتى بولغان. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن گۆش
ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە ئادەتلەر بۈگۈنكى
كۈندىمۇ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بەزى يېزا-
قىشلاقلاردا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شە-
ھەرلىشىش، بىنالىشىش ۋە توڭلاتقۇ... قاتارلىق زامانىۋى
ئائىلە سايمانلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئەنئەنى-
ۋى ئادەتلەر تەدرىجىي ئىشلىتىلىشتىن قالماقتا.

قىسقىسى، ئىنسانشۇناسلار ۋە باشقا ئىپتىدائىي جەم-
ئىيەت تەتقىقاتچىلىرى بۇنداق تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى
يىغىش، ساقلاش ئادىتىنى «يىغىش ئىگىلىكى» دەپ ئاتاي-
دۇ. بۇ ئادەت ۋە ئەنئەنىۋى تېخنىكىلارنىڭ شەكىللىنىشكە
باشلىغان دەۋرى يىراق ئىپتىدائىي دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ.
ئىنسانلار بىر قىسىم ئېشىنچا ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا ئىگە
بولغاندىن كېيىن يېمەكلىكلەرنى زاپاس يىغىپ ساقلاپ قو-
يۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان. گەرچە ئىپتىدائىي
جەمئىيەتتە دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك
يېمەكلىك، مېۋە ـ چېۋە، سەي ـ كۆكتات ۋە باشقا ئوزۇق-
لۇقلارنى يىغىپ توپلاش، ساقلاش ئادىتى بولغان بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، شەرت ـ شارا-
ئىتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمى-
غانلىقتىن، ئۇلار يىغىپ ساقلىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرى،
ساقلاش ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس. ئىنسانلار يېمەكلىك-
لەرنى يىغىپ ساقلاشتا ئىشلىتىدىغان قورال سايمانلارنىڭ
شەكلى، ئىقتىدارىدىمۇ مۇئەييەن پەرقلەر ساقلانغان. بۇ
كونا تاش قوراللار، ئوتتۇرا تاش قوراللار ـ دەۋرىدىكى
تۆۋەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى بىلەن
ماس كېلىدۇ. بۇ ئۇسۇللار ئىنسانلارنىڭ ئىگىلىك شەكلى-
نىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈپ بېرى-
شىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئۆزگەرگەن، مۇكەممەللەشكەن،
يىغىش ۋە ساقلاشتىن مەقسەت ئۇنى پەقەت يىغىپ

ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ سىجىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر. ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە يېمەكلىكلەرنى يىغىپ ساقلاش ئادىتى قەتئىي توختاپ قالمىغان. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمۇ بۇ ئەھۋاللاردىن مۇستەسنا ياشىغان ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە مېۋە - چېۋە، گۆش، ياغلارنى ساقلاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ۋە ئادەتلىرى، قورال - سايمانلىرى پەقەت جۇغراپىيەلىك شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە شەكىللەنگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز ھاياتىنى قامداش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئىزدىنىشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇزاق تارىخ مابەينىدە بۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنىڭ شەھەرلەر ۋە شەھەرلەرگە يېقىنراق رايونلاردىكى ئۆزگىرىشى تېزرەك بولغان، لېكىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ يېزىلاردا يۇقىرىقى ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ۋە ئادەتلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزدەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. يېمەكلىكلەرنى يىغىپ ساقلاش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە داۋاملىشىشىدا ئاياللارنىڭ تۆھپىسى زور. چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يىغىش بىلەن ئوۋچىلىق تەبىئىي ئىش تەقسىماتى (يېشى ۋە جىنسىغا قاراپ ئىش تەقسىم قىلىش) ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان؛ ئاياللار ئاساسەن يىغىش بىلەن شۇغۇللانغان، ئەرلەر ئاساسەن ئوۋ ئوۋلاش بىلەن شۇغۇللانغان. ئادەتتە ئوۋچىلىق ئىگىلىككە قارىغاندا يىغىش ئىگىلىكىنىڭ ئېنىقچا مەھسۇلات مەنبەسى مۇقىم بولغان. كىشىلەر يىغىش، ساقلاش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرىنى پەرق ئېتىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتىنى كۆزىتىپ، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تەدرىجىي ھېس قىلغان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، يىغىش ئىگىلىكى ئىپتىدائىي دېھقانچىلىققا تەرەققىي قىلغان. شۇڭا بىز يېمەكلىكلەرنى يىغىپ ساقلاش ئادىتىنى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇيمىز. يېمەكلىكلەرنى يىغىپ ساقلاش ئادىتى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىشىنى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

---

**ئەسكەرتىش:** «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن ئېلىنغان نەقىللەر كۆپرەك بولغىنى ئۈچۈن بۇ نەقىللەرنىڭ توم ۋە بەت سانى شۇ نەقىلنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى. نەقىللەر «دىۋان» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل 8 - ئايدا نەشر قىلغان 1- نەشرىدىن ئېلىندى.

ئىزاھلار:


①، ⑪، ⑫ ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 16 - ، 9 - ، 101 - ، 102 - بەتلەر.

② ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 281 - ، 282 - بەتلەر.

③، ④ ئەنۋەر مەتسەيدى: «تېرەك، كۆل ۋە مەنىۋىيەت»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2009 - يىل 5 - سان، 35 - بەت.

⑤ ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 245 - بەت.

⑥ ساھىبجامال مەتسېيىت نەشرگە تەييارلىغان: «سالنامە»، «مىراس» ژۇرنىلى 1997 - يىل 2 - سان، 61 - ، 62 - بەت.

⑦ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن (ئابدۇللا مۇھەممەت ئېلى قاتارلىقلار تەرجىمىسى): «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 10 - ئاي، 1 - نەشرى، 713 - بەت.

⑧ ئابدۇرەھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل 4 - ئاي، 1 - نەشرى، 92 - ، 93 - بەتلەر.

⑨ ئابلىمىت مەمتىمىن، ماخمۇت ئاۋۇت تۈزگەن: «خوتەن باغۋەنچىلىكى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2003 - يىلى 1 - ئاي بىرىنچى نەشرى، 175 - ، 176 - بەتلەر.

⑩ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1 - قىسىم 2 - كىتاب)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 1050 - ، 1051 - بەتلەر.

⑬، ⑭ ناسىر نىياز: «شىنجاڭ چىلىنى»، شىنجاڭ پەن- تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1992 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 13 - ، 14 - ، 90 - بەتلەر.

⑮، ⑯ مەمتىمىن ئابدۇخالىق: «چۆچەك خەلقىنىڭ سوقۇم ئادەتلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2008 - يىل 1 - سان، 68 - ، 71 - بەتلەردىن قىسقارتىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى.


(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)



# گوستاف رەكىت يازمىلىرىدىكى 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر بايانلار

گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە)

گوستاف رەكىتنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە «قاسىم ئاخۇننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى ھەققىدە ئىستانبولدىكى دوستى كامىل ئەپەندىگە يازغان خەتلىرى» دەپ ئاتالغان بىر قول يازما ماتېرىيالى بولۇپ، بۇ قول يازما ھازىر لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. گوستاف رەكىتنىڭ بۇ قول يازمىسى جەمئىي 36 بەت بولۇپ، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسى 34 بەتلا ئىكەن. مەزكۇر كۆچۈرمە نۇسخىسىنى ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە مىسسىيونېرلىق قىلغان، شۋېتسىيەلىك ھاننا ئاندىرسون خېنىم كۆچۈرگەن.

گوستاف رەكىت پۈتۈن ماقالىسىدە شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ (ئاپتور بۇ يەردە 20-ئەسىرنى كۆزدە تۇتقان — ت) باشلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن. تۆۋەندىكى بۇ بۆلەك تېكىستىنى گوستاف رەكىت مىللەتشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيە نۇقتىسىدىن يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلار شۋېتچە ئەسلىي نۇسخىسىدىن ھەرگىزمۇ خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىنغان ئەمەس. مەن مەزمۇنى مول بولمىغان بۆلەكلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىلا يېزىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىدىم ھەمدە تېكىستنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىشلىك قىلىش ئۈچۈن بەزىدە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى سۆز-جۈملىلەرنىمۇ قوشۇپ قويدۇم. ئەمما بۇلار گوستاف رەكىتنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە دائىر بايانىنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە ھەرگىز تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

**كارۋان سەپىرى**

كارۋان دېگەن بۇ بۆلەكتە ئۇش شەھىرىدىن قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن 15 كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ يېزىلغان. ئادەتتە بىر سودا كارۋىنى 87 ئات،

تۆت خېچىر ۋە ئالتە ئېشەكتىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، ئۇلارغا قەغەز، شېكەر ۋە تاماكا بېسىلىدۇ. ئېشەكلەردە ئات ۋە خېچىرلارنىڭ يەم-خەشىكى قىلىنىدىغان قوناقلارنى يۆتكەيدۇ. ئاتلارنىڭ بېشىدىن باشقا ھەممە يېرىگە ئېگەر توقۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى يۆگىلۈپ تاشپاقىغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. 65 كىلوگرام ئەتراپىدىكى يۈك ئېگەرنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە مەھكەم تېڭىلىدۇ. ئۈزەڭگۈسى (دەسسىگۈچى) قىسقا ئېگەرلەر ئادەتتە پەقەت مىنىلىدىغان ئۇلاغلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سەپەر جەريانىدا بىر قانچە ئادەم بىرلىكتە بىر چوڭ كارۋاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولۇپ، ئادەتتە بىر ئادەم يەتتىدىن ئونغىچە ئاتقا قارايدۇ.

ئوش شەھرىدىن قەشقەرگىچە بولغان كارۋان سەپىرىدىكى ئۇزۇق-تۈلۈك توققۇز ئادەمگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. كارۋاندىكى سودىگەرلەر ئۆزلىرىنى نېپىز، قىزىل يۇڭ گىلەم بىلەن ئورىۋېلىشىدۇ، ئۇلار ئاتقا مىنگەندە يۇڭ گىلەم ئېگەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە چىڭ تېڭىلىدۇ. سودىگەرلەر ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا پىچاقلارنى قىستۇرۇۋالىدۇ. ئېگىز، نېپىز مىس چۆگۈن تېرە قاپ ئىچىگە سېلىنىپ ئېگەرنىڭ بىر تەرىپىگە، چوڭ پىيالىلەرمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئېگەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تولۇق ئالغانلار ئادەتتە چېلىم ۋە مۇشتەك (غاڭزا)لىرىنىمۇ بىرگە ئېلىۋالىدۇ. سەپەردىكى سودىگەرلەر سەپەر بۇيۇملىرىنى قاچىلايدىغان خۇرجۇنىمۇ ئېلىۋېلىشىدۇ. خورجۇن ئادەتتە كۈندۈزى ئېگەرگە ئارتىپ قويۇلسا، كېچىسى ئۇخلىغاندا ياستۇق ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، كارۋان ئوش شەھرىدىن چىقىپ 15-كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، دېيىلگەن.

## سالاملىشىش قائىدە-يوسۇنلىرى

چەت ئەلدىكى «ئەركىن-ئازادە» يۈرۈش-تۇرۇش ئادىتىگە كۆنۈككەن قاسىم ئاخۇن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش ئۇسۇلىدىن بىرئاز تېڭىرقاپ قالدى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنى يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەن دوستىنى كۈتۈۋالغاندەك قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغا چوڭ سودىگەرلەرگە ئوخشاش ئورۇن بېرىپ، قاسىم ئاخۇننى ئۆزلىرىنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدى. قاسىم ئاخۇن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا كىچىك تاغىسىنى كۆردى ھەمدە ئۇنىڭغا سالام بېرىش ئۈچۈن دەرھال ئېتىدىن چۈشتى. تاغىسى شۇئان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ «ئەسسالام» دەپ سالاملاشقاچ، ئۇنىڭ سەپەر ئەھۋالىنى سورىدى. قاسىم ئاخۇننىڭ تاغىسى ئۆرۈپ-ئادەت بويىچە ساقىلىنى سىلاپ دوستانە سالاملاشتى. قاسىم ئاخۇن دەرھال بىر نەۋرە ئاكا-سىڭىللىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى ھەمدە زاڭقىنى سىلاپ، «ئاللاھۇئەكبەر» دېدى، بۇنىڭدىن تاغىسى ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە قاسىم ئاخۇن ھەر نېمە بولسا خىرىستىيانلاردىن بولۇپ كەتمەپتۇ دەپ ئويلىدى.

## نىكاھ

قاسىم ئاخۇن نىكاھ ئۈستىدە توختىلىپ، مال-مۈلۈكلەرنى جەمەت ئىچىدە ساقلاپ قېلىش، سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نىكاھلىنىش ئادەتتە شۇ جەمەت ئىچىدىكىلەر بىلەن بولىدۇ دەيدۇ. قىزلار ئادەتتە ئون ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ياتلىق قىلىنىدۇ. گەرچە ياش ئۆلچىمى شۇنداق بولسىمۇ، قاسىم ئاخۇننىڭ نىساخان ئىسىملىك 22 ياشلىق بىر نەۋرە سىڭلىسى بولۇپ، جەمەت ئىچىدىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق لايىق چىقمىغاچقا تېخىچە توي قىلمىغانىدى. قاسىم ئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇ ئائىلىدە يوق ۋاقىتتىلا نىساخان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نىساخاننى قاسىم ئاخۇنغا نىكاھلاپ قويۇش تەلىپىگە قوشۇلغانىدى. بۇنىڭ ھەممىسى جەمەت مال-مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ياتلارنىڭ جەمەت ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىناتتى. بىراق مەيلى قاسىم ئاخۇن بولسۇن ياكى نىساخان بولسۇن ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا بىر شۋېت مىسسىيونېرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئىككى جەمەت ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ ئورۇنلاشتۇرۇشى توسالغۇغا ئۇچراپ توختاپ قالدى.

## شۋېت مىسسىيونېرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى

قاسىم ئاخۇن نىساخان بىلەن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قۇتۇلۇش تەس بولغان نىكاھ ئىشى ئۈستىدە قاتتىق غەمگە پاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئويلىمىغان يەردىن قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر مىسسىيونېر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ. ئۇ كانستانتىنوپىلدىن (ئىستانبۇلدىن — ت) ئايرىلىشتىن بۇرۇنلا ‹ياۋروپالىق دىن ئوغرىلىرى›نىڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكى توغرى-

سىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى قۇربان ئاخۇندىن ئۇنىڭ تىزنىڭ يارىلىنىشى سەۋەبلىك شۋېت مىسسيونېرلىرى ئاچقان دوختۇرخانىغا بىر قانچە قېتىم بارغانلىقىنى ئۇقتى. قۇربان ئاخۇن دوستى قاسىم ئاخۇنغا شۋېتسىيە ئۆمىكىنىڭ «قۇم دەرۋازا» سىرتىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە ئۇ يەرگە باردى. مىسسيونېرلار قاسىم ئاخۇننىڭ ئامېرىكا مىسسيونېرلار مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قەدىناس دوستلارنى كۈتۈۋالغاندەك كۈتۈۋالدى. قاسىم ئاخۇننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى شۋېت دوختۇرلاردىن يىراق تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مىسسيونېرلارنىڭ بېتېپىدا دەپ ئاتىلىدىغان دوختۇرخانىسىغا بېرىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مىسسيونېر دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى قاسىم ئاخۇننىڭ تاغىسىنىڭ كېسىلىگە ناھايىتى تېز لا شىپا بولغان، شۇنىڭ بىلەن قاسىم ئاخۇن بۇ دوختۇردىن ئۆزى بىلەن نىساخان ئوتتۇرىسىدا بېكىتىلگەن نىكاھ ئىشىنى توسۇش ئۈچۈن ۋاستىچى سۈپىتىدە ئۆيىگە بېرىشنى ئۆتۈنگەن.

## كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

رەستە-كوچىلار ۋە بازارنى ئايلىنىش، كىشىلەر تونى تاماشا قىلىش — بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارىلىدۇ. مۇبادا بازاردا كۆرگۈدەك نەرسە بولمىسا كىشىلەر مۇقەددەس جايلارغا يىغىلىدۇ ھەمدە ئۇنداق جايلارنى «قىزىدى» دەيدۇ. ھەر پەيشەنبە كۈنى پۈتۈن شەھەرنىڭ بازار كۈنى بولۇپ، ياللانما ھۈنەرۋەنلەر ۋە كۈنلۈك ئەمگەكچىلەر (مەدىكارلار) ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئازراق جاپا تارتسىمۇ، بىراق يەنىلا ھەممەيلەن تاماشا قىلىشنى، خۇشال بولۇشنى ئويلايدۇ. بۇ خىل تاماشا بۇ كوچىدىن چىقىپ ئۇ كوچىغا كىرىش، ئوخشاش مەقسەتتىكىلەر ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە بۇ يەرگە يىغىلغان تونۇشلار بىلەن پاراڭلىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئالاھىدە ئويۇن ياكى كۆڭۈل ئېچىشلار ئۇيۇشتۇرۇلغاندا، ئۇلار مەرىكە ياكى زىياپەت ئورنىغا يىغىلىدۇ.

## قارلىق ئويۇنى

بىر يىلدىكى تۇنجى قار ياغقاندا بەزى جايلاردا ياشلار بىر خىل ئويۇن ئوينىشىدۇ، بۇ خىل ئويۇن جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئويۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كېلىش مەنبەسى قەدىمكى جۇڭگو-لۇقلارنىڭ قىشنى ۋە سوغۇق ھاۋانى قوغلاش بايرىمى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئادەتتە تۆۋەندىكى يول (ئۇسۇل) بويىچە ئوينىلىدۇ.

بىرەيلەن دوستىنىڭ ئۆيىگە ھال-ئەھۋال سوراشقا بارىدۇ ھەمدە قايتىش ۋاقتىدا ئارقىسىدا ئازراق قار ۋە تۆۋەندىكىدەك تېكىست يېزىلغان خەت سېلىنغان بىر بولاقنى قويۇپ قويىدۇ.

خەت بىلەن ئېلىپ كەلدىم سىزگە قارنى، ئۇل كۆڭۈلنى رام قىلار،
بۇ ئويۇننى باشلىدىم ئۆز كۆڭلۈمنى خۇش قىلار.
يېمەك-ئىچمەك، قەنت-گېزەك تەييارلىدىم پەتنۇستا،
ساتار، تەمبۇر ياڭراتتىم ھەمراھ ئاڭا مانتولىن، ئىسكرىپكا.
قار ياغدى، قىش بايرىمىنى قىلمىدى ھېچكىم،
ئايلىنىپ يۈرگەن دوستلارنى تەكلىپ قىلدى كىم.

ئەگەر سىز قارلىق ئەكەلگۈچىنى تۇتۇۋالسىڭىز، يۈزىگە رەسىم سىزسىڭىز، ئۇنى ئايالچە ياساندۇرسىڭىز ھەم ئەدىپىنى بەرسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر خەت ۋە قار سېلىنغان بولاقنى ئالغۇچى قارلىق يازغۇچىنى ئۇ ئۆيىگە بېرىپ بولۇشتىن ئىلگىرى تۇتۇۋالسا، ئۇ ھالدا جازادىن قۇتۇلالايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ يۈزىگە رەسىم سىزىلىپ، ئايالچە ياساندۇرۇلۇپ، كوچىمۇ كوچا سازايە قىلىنىدۇ ھەمدە كىشىلەر «قارلىق تاشلىغۇچىنىڭ جازاسى مۇشۇ» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى مېھمان قىلىدۇ. ناۋادا بولاقنى تاپشۇرۇۋالغۇچى «قارلىق تاشلىغۇچى»نى تۇتالمىسا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئەگەردە زىياپەتنىڭ تەكلىپنامىسى ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەۋەتىلمىسە، ئۇ كىشى ئەتىسى ئەتىگەن ئىشىكىگە چىلەك چىگىلگەن چاتقاللارنى بايقايدۇ. تەكلىپنامىنى ئەۋەتىشكە سەل قارىماي، ۋاقتىدا ئەۋەتسە ئىككىنچى ئەسكەرتمە سۈپىتىدە ھېچكىممۇ سىرتتا قېلىش خەۋپىگە دۇچار بولمايدۇ، ناۋادا تەكلىپنامە ۋاقتىدا ئەۋەتىلمىسە، كېيىنكى بىر قانچە كېچە ئىشىكلەرنىڭ جىنازا بىلەن توسۇپ قويۇلۇشى ئېنىق.

## مەشرەپ

يېزا-بازارلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىشلاقلىرى ۋە رايونلىرىدا زىياپەت ئۇيۇشمىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى نۆۋەت بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بىر-بىرىنى تەكلىپ قىلىشىدۇ. قىش پەسلىدە ئۇلار ئادەتتە بۇنداق يىغىلىشلارغا كەچ گۇگۇم ۋاقتىدا كېلىپ، ئەتىسى سەھەردە

ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. بۇنداق زىياپەتلەرگە پۈتۈن بىر كۈن يۈز بېشى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. زىياپەتكە كەلگەن مېھمانلارنى ساھىبخانا دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلار بويىچە قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئالدىن تەييارلانغان زىياپەت ئۆيىدە ئۆزلىرى ھەمراھ بولىدۇ. سۇپىغا گىلەملەر سېلىنىپ، تام بويلاپ رەڭگارەڭ داستىخانلار سېلىنغان بولۇپ، داستىخان بىلەن تام ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم پاتقۇدەك بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. ئاساسىي تامدىكى ئوچاقتا ئوت كۆيۈپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئورۇندا شۇ يۇرتنىڭ قازىسى ئولتۇرىدۇ. داستىخاندا ئارىلىقى ئالتە ئىنگلىزچى ئەتراپىدا قىلىپ ئېگىز دەستىلەنگەن چوڭ نانلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك توقاچ نانلار قويۇلىدۇ. بۇلار پەقەت مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. يەنە بىر خىلى پەسرەك دەستىلەنگەن نان بولۇپ، نامراتلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن تەمىن ئېتىلىدۇ. دەستىلەپ تىزىلغان نانلار ئارىسىدا ھەر خىل تۈردىكى مېۋە-چېۋە، مېغىز ۋە قەنت-گېزەكلەر پەتنۇستا قويۇلغان بولىدۇ.

مەن (قاسىم ئاخۇن) ئۇ يەردە ئامال بار ئىشىككە يېقىن بىر ئورۇندا ئولتۇرماقچى بولدۇم، بىراق ساھىبخانا بۇنى بىلىپ قېلىپ مېنى تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدىم ھەمدە دۇئا ئاخىرلاشقاندا ساقىلىمنى سىلاپ ئاللاھۇئەكبەر دېدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ساھىبخانا ۋە باشقا زىياپەت قاتناشچىلىرى بىلەن سالاملاشتىم. ئارقىدىنلا ساھىبخانا زىياپەت ۋە يىغىلىشلاردا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان پىيالىدە ماڭا چاي تۇتتى ھەمدە ئەدەپ يۈزىسىدىن چاينى ماڭا تۇتۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى ئوتلاپ كۆردى. چاينى قولۇمغا ئېلىپ ئىچىشتىن ئىلگىرى ئەتراپىمدىكى مېھمانلارغا سۇندۇم، ئۇلار ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ ئۆزرە ئېيتىشتى، شۇندىلا مەن چاينى ئوتلىدىم. بىر دەمدىن كېيىن پاراڭلار باشلاندى. ساھىبخانا بىزنى بىر ئاز قورۇنۇپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، «ئەركىن-ئازادە ئولتۇرۇشسىلا» دېدى. بۇ دېگەنلىك ناۋادا بىز ياقتۇرساقلا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرساقمۇ ياكى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا بىر پۇتىمىزنى تىكلەپ گىلەم ئۈستىدە بىۋاستە ئولتۇرساقمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. قەنت-گېزەكلەر داستىخاندىن ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بىرىنچى تاماق سۈپىتىدە قوي گۆشى شورپىسى كەلتۈرۈلدى. بىراق تاماقتىن بۇرۇن ئالدىمىزدا تۇرغان مۇلازىمنىڭ قولىدىكى ئاپتۇۋۇدا قولىمىزنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇشىمىز كېرەك ئىدى. مېھمانلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن زەخۇ بىلەن سارغايتىلغان قوي گۆشى شورپىسى قويۇلدى. شورپا چىلانغان نان قاچىغا لىقمۇلىق تولدۇرۇلغانىدى. مېھمانلار چىلانغان نانلانى قولىدا ئېلىپ يەپ، شورپىنى چىنە بىلەنلا كۆتۈرۈپ ئىچىشتى. ئاندىن كېيىن ئالدىمىزدىكى چوڭ نان ئۈستىگە قويۇلغان قوي گۆشنى يېيىشكە باشلىدۇق، گۆش يېگەندە سۆڭەكتە ئازراقمۇ گۆش قالدۇرمايتتۇق. بۇنداق يىغىلىشلاردا قوي گۆشىدىن باشقا گۆشلەر ئاساسەن تارتىلمايدۇ، گەرچە قوتاز ۋە كالا گۆشلىرى ناھايىتى يېيىشلىك بولسىمۇ، بىراق مېھمان كۈتۈشكە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىلىدۇ.

بىز سۆڭەك ۋە بارماقلىرىمىزنى ئوبدان پاكىزلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر مېھمان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، «ئامىن» دېدى. دۇئادىن كېيىن ھەممىمىز رازىلىق بىلدۈرگەندەك ئالدىمىزدىكى داستىخاننى يىغدۇق. ساھىبخانا ئالدىمىزغا كېلىپ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈردى. بۇ ساھىبخانىنىڭ مېھمانلارنىڭ تەييارلانغان نازۇ نېمەتلەردىن رازى بولغانلىقىغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سورۇندا داستىخانغا قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ساھىبخانىنىڭ ئۆز مال-مۈلكى بولۇپ، مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار يېيىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ساھىبخانا مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ، بىزنىڭ بۇ نۇقتىدا ھاسىل قىلغان ئاددىي ھەم تەبىئىي چۈشەنچىمىز يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

چاي-پاي ئىچكەچ ۋە مېۋە-چېۋە يېگەچ ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتتى. ئىككىنچى خىل تاماق تارتىلغاندا بولسا ئالىقاچان يېرىم كېچە بولۇپ قالدى. بەزىدە ساھىبخانا ئۆزى مېھمانلارغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. بۇ مېھمانلارغا بولغان ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ. دوستۇم بارات ئاخۇنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ بەردى، مەن بارات ئاخۇننىڭ ناھايىتى قىزىقچى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، سورۇندا بولۇنغان ئىشلارغا ئانچە ھەيران قالمىدىم. ئۇنىڭ ئۇسسۇلى دەل يېرىم بولغاندا تۇيۇقسىز ئالدىمدا توختاپ ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇردى ھەمدە بىر تەرەپتىن كۈلۈپ، بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشىمنى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىشىمنى تەلەپ قىلدى. ھالبۇكى

بۇنداق ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتتىن باشقىلارنىڭ ياردىمىدە ئىززەت- ئىكرام بىلەن قۇتۇلۇشنىڭ بىر خىل ئەپچىل ئۇسۇلى بار، مەن ئۇنىڭدىن دەرھال پايدىلاندىم، يەنى سازەندىلەرگە بىر قانچە تەڭگە ئېتىپ بېرىش بىلەن كەچۇرۇمگە ئېرىشتىم.

تاڭ ئاتارغا يېقىن مۇلازىملار قول يۇيۇشقا سۇ ئېلىپ كەلدى. قول يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ تۈز مىس لېگەن (تاۋاق)لەرگە لىق تولدۇرۇلغان مەززىلىك پولۇ كەلتۈرۈلدى. پولۇ ئۈچ ياكى تۆت ئادەمگە بىر لېگەندىن قويۇلدى. بۇ تاماقنى ھەممەيلەن ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، بىراق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پولۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى غەربىي ئاسىيا ۋە تۈركىيەدىكىدىن ئازراق پەرقلىنىدۇ. پولۇ قول بىلەن يېيىلگەچكە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەمى تاماقتىن ئاسانلىقچە كەتمەيدۇ. ھالبۇكى، پولۇنى قول بىلەن يېيىش ئۇنداق ئاسان ئۆگەنگىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ياۋروپالىقلار ئۇنى ئانچە ئاسان ئۆگىنەلمەيدۇ.

تاماق جەريانىدا ۋە تاماقتىن كېيىن چوڭ- كىچىكلىكى ئوتتۇراھال بولغان پىيالىلەردە چاي قۇيۇلىدۇ. بىز پولۇنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئادەتتىكىگە ئوخشاش قولىمىزدا قېپقالغان مايلار بىلەن ئۆتۈكىمىزنى مايلىدۇق ھەمدە ساھىبخانىغا رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتىپ دۇئا قىلدۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن قولىمىزنى يۇيدۇق. بۇ چاغدا ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ بولغان بولۇپ، بازاردىكى مەسچىتتىن بامدات نامىزىغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى شۇئان تارقاشقا باشلىدى، بەزىلەر ئۇدۇللا ئۆيلىرىگە مېڭىشسا، بەزىلەر مەسچىتتىن يېنىپ ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتاتتى.

ياز كۈنلىرى بۇنداق يىغىلىشلار تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغان باغلاردا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندۈزدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كىشىلەر ئەتىگەندىلا يىغىلىپ، زىياپەتنى كەچ كىرگۈچە پۈتۈن كۈن داۋاملاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق چاغلاردا قىش كۈنلىرىدىكى كېچىلىك زىياپەتلەردە ئىشلىتىلمەيدىغان چېلىم ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. چېلىم ۋە چاينىڭ ھەر ئىككىلىسى جەمئىيىتىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، بىراۋلار ئارازلىشىپ قالغان بولسا، بۇلارنىڭ بىرى چوقۇم كارغا كېلىدۇ. بىر تەرەپ قارشى تەرەپكە چاي ياكى چېلىم تۇتسا بۇ يارىشىپ قالغانلىق بولىدۇ، ئۇ يازما توختام تۈزۈشكەنگە ياكى دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلغانغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ رول ئوينايدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھازىر بىزنىڭ ئەنئەنىۋى چېلىمىمىزنى ناتوغرا ئىشلىتىش پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ بىر قىسىم ئەپيۇن چېكىشتىن ئىبارەت ئۆزىنى گۇمران قىلغۇچى ئادەتنىڭ قۇلىغا ئايلانغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېتىلدى.

### مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايلىرى

كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرىدىكى مۇقەددەس جاي (مازار)دىكى ئاممىنىڭ چوڭ يىغىلىشى بولۇپ، ئادەتتە ئۇ كىشىلەردىن ئىخلاس بىلەن تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بەزىلەر ياكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مازاردىكى پائالىيىتىنى ئۇلۇغلارنىڭ مازار بېشىدا تەلپىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشى ۋە كېسىلىگە شىپالىق بېرىشنى تىلەپ تاماملايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسى تولىمۇ كۆلكىلىك، ئۇنىڭدىن باشقا ياش قىز- ئوغۇللار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا تونۇشىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر قاسىم ئاخۇننىڭ بىر مازارنى زىيارەت قىلغاندىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەنلىرى:

نەچچە كۈن ئىلگىرى مەن ھەزرىتى ئاپپاق مازىرىدىكى بىر يىغىلىشقا قاتناشتىم. بىر قانچە دوستۇم بىلەن بىر چوڭ كۆلنىڭ بويىدا چاي ئىچىشكە ئولتۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن مېنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشقا ئامراق ئىنىكئانام يېتىپ كېلىپ مېنى چاقىردى. بىر قانچە كۈن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەنىدىم. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭ كۆز يەتكۈسىز بىر باغنىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇپ مېنى باشقۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن ئانچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىدىم. ئۇ يەردە يۈزلىرىنى يۆگىۋالغان ئىككى ئايال قويۇق ئانار يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا بىزنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۆرپ- ئادىتىمىزگە ئاساسەن سەل ئېگىلىپ، قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ، ئۇلارغا سالام بەردىم. چۈنكى ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتۇپ سالاملىشىش بىزنىڭ قائىدە- يوسۇنىمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. مەن ناھايىتى ئىخلاسمەنلىك بىلەن «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» (بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم) دېدىم. ياشىنىپ قالغان ئىنىكئانام ھېلىقى ئاياللارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئېھتىيات

بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى چۈمپەردىنى ئېلىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ يۈزىنى بىر كۆرۈپلا كۆپايىلەندىم. ئىنىكئانامنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، ئاق كۆكۈل ۋە كەمتەر ئىدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك تۇيغۇدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم، ئۇ قىز 14 ياشقا كىرگەن بولۇپ، توي قىلىش يېشىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

## دارۋازلىق ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

ھەممەيلەن ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ھەمدە كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بار، ئۇ بولسىمۇ دارۋازلىق ئويۇنى. دارۋاز ئادەتتە شەھەر، بازار ۋە سودا-سېتىق ئورۇنلىرىدا ماھارەت كۆرسىتىدۇ.

بەزى جايلاردا ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان سارغايدى، چاقپەلەك ئۇچۇش ئويۇنى ئوينىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئويۇن ئادەتتە توختىماي چۆرگىلەۋاتقان چاق ئۈستىدە ئوينىلىدۇ، ئۇچقۇرچاق تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ.

ئىنچىكە تۆۋرۈكنىڭ يۇقىرىقى ئۇچىغا بىر دانە ئادىلانما چاق مەھكەم ئورنىتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئىنچىكە ئارغامچىلار يەر يۈزىدىن بىر فۇت ئېگىزلىكتە قىلىپ چىگىلىدۇ. چاقپەلەكتە ئۇچۇشنى خالىغۇچىلار ئارغامچىلارنى چىڭ تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، بىر قانچە ئارغامچىنىڭ ئۆزئارا ياردىمىدە چاق ھەرىكەتلىنىدۇ ھەمدە ئۇلار ھاۋادا ناھايىتى ئېگىز ئۇچىدۇ. بۇ خىل ئويۇن ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بىلەن بىزگە چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، كىشىلەر بۇ خىلدىكى «لىفت»نى ئاياللار ئۈچۈن ئالاھىدە پايدىلىق دېيىشىدۇ.

بۇ ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى قاتناشچىلىرى كەسپىي قىمارۋازلار بولۇپ، بۇ يەرلەردە ھەر خىل تۈردىكى قىمار ئويۇنلىرى ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا ئوينىلىدۇ. ئادەتتە ئەڭ كۆپ ئوينىلىدىغىنى ئوشۇق ئويۇنىدىن ئىبارەت. ئوشۇق ئوغلاق ياكى پاقلاننىڭ ئوشۇقلىرىدىن ياسىلىدۇ. قىمارۋازلار ئۆزلىرىنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىشىنى تىلەپ، قىمار ئوينىغاندا قولىغا تۈلكىنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان مارجانلارنى سېلىۋالىدۇ. كېيىنچە ئوشۇق ۋە قەرت ئويۇنلىرى پۈتۈن سورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە نېپىز ياغاچ پارچىلىرىنى قەرت قىلىپ ئوينىشىدۇ، بۇ يالغان پۇللارنى چىقىرىپ، راست پۇللارنى يىغىۋالىدىغان كەسپىي قىمارۋازلار ئۈچۈن بىر كانتا بەخت سورۇنىدىن ئىبارەت ئىدى.

## ئاغرىق-سىلاق، ئۆلۈم ۋە دەپنە مۇراسىمى

قاسىم ئاخۇننىڭ سۇپۇرگە باي ئىسىملىك بىر تاغىسى قازا قىلىدۇ. تاغىسىنىڭ قازا قىلىشى ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنى قايتىدىن بەلگىلەيدىغانلىقى سەۋەبلىك، قاسىم ئاخۇننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۇراقسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇ










مال-مۈلۈكلەرنى بۆلۈشۈشتە يۈز بېرىدىغان تالاش-تارتىش ۋە ماجىرالارنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەنىدى.

سۈپۈرگە باي تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالىدۇ ھەمدە شۇ كۈنى تېۋىپلار ئۆيگە چاقىرتىلىدۇ، بىراق ياخشى بولالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تېۋىپلار ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرۈلمەي تەكلىپ قىلىنىدۇ، تېۋىپلار ئوخشاش بولمىغان دورىلارغا رېتسېپ يازىدۇ. دورىلار بىمارنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئويۇلغان تام ئىشكاپىغا دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. ئاشۇ تېۋىپلار ئىچىدىن پەقەت بىرلا تېۋىپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە دورىسىدىن سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئازراقلا بېرىدۇ. ئاخىردا نۇرغۇنلىغان دۇئا - تىلاۋەت قىلغۇچىلار ۋە پىرىخونلار چاقىرىلىدۇ. بىمارنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، كېسەل ئازابىدا قاتتىق ئىڭراشقا باشلىغاندا، ئۇلار بىمار جىن-ئالۋاستىلارنىڭ قەستىگە ئۇچراپتۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا شىۋىتسىيەلىك مىسسىيونېر دوختۇر تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ بىمارنىڭ ئۆپكە ياللۇغى كېسىلى خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ، دەپ دىياگنوز قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەردە قارى تەكلىپ قىلىنىدۇ. قارى تاكى بىمارنىڭ ئاخىرقى نەپىسى ئۈزۈلگىچە قۇرئاننى بىر پارە-بىر پارىدىن ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت قىلىدۇ ھەمدە بەزى-بەزىدە ئۆلۈكنىڭ قۇلىقىغا «ئاللادىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى» (لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدىن رەسۇلۇللا) دەپ توۋلاپ قويىدۇ.

گەرچە تاغام (يەنە بىر تاغىسى بولسا كېرەك) بىمارنىڭ كېسىلىدىن قىلچە ئۈمىد يوقلۇقىنى ئوبدان بىلگۈچىلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، بىمار ئەزرائىل بىلەن ھايات-ماماتلىق ئېلىشىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇچىلارغا «ئۇنىڭ ھازىر ئۇيقۇسى كېلىپ قالدى، پەقەت بىرئاز ئۇخلىۋالسىلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دەپ تەسەللى بېرەتتى. بىراق تاغامنىڭ ئىنچىكە يىپ بىلەن بىمار پۇتىنىڭ چوڭ بارماقلىرىنى، لاتا بىلەن ئېڭەكنى تېڭىشى بىلەن تەڭلا ھەممە ئاخىرلاشتى.

ئارقىدىنلا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قايغۇلۇق يىغلاشقا باشلىدى ھەمدە «دوستىمىز تۈگەپ كەتتى» دېدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىمىز يىغلاپ كەتتۇق، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن يىراق-يىراقلارغا ئاڭلانغۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا يىغلاشتى. ئۇلار بىر-بىرىنى يۆلەپ ياكى ئىككىدىن، ئۈچتىن توپلىنىپ قۇچاقلىشىپ يىغلىشاتتى. يىغا-زار ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلار بارا-بارا پەسەيدى، پەقەت ھاممام ۋە بىر قانچە ئايالنىڭ ئىچىنىشلىق نالە-پەريادى تاكى تاڭ ئاتقىچە داۋاملاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دەپنە مۇراسىمىنىڭ تەييارلىقى باشلاندى. مېيىت ئەمبەر قوشۇلغان سۇدا يۇيۇپ پاكىزلاندى. ئۇنىڭ باش چېچى ۋە بۇرۇتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئازراقى ئىبراھىم ئاتىمىزدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆرپ-ئادىتىمىزگە ئاساسەن چۈشۈرۈۋېتىلدى ھەمدە بېشى ۋە ئايىغى تىكىۋېتىلگەن خالتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كېپەن كەيدۈرۈلدى. ئارقىدىنلا مېيىت جىنازا ئىچىگە قويۇلغان تاختاي ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستى ئاق خام بىلەن يېپىلدى (ئاياللار ۋە بالىلار ئۈچۈن ئادەتتە رەڭلىك جىنازا رەختى ئىشلىتىلىدۇ). ھازىدارلار بازاردىن ھەزرىتى ئاپپاق غوجا مازىرىغا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ يەردە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قەبرە (يەرلىك)نى كولاپ تەييارلاپ بولغانىدى. ھازىدارلارنىڭ ھەممىسى بېلىگە ئاق پوتا باغلىغانىدى. جامائەت ئەرلەر ۋە بالىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى قازا قىلغۇچىنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى— بىر نەرۋە ئاكام مۇسائاخۇن باشلاپ ماڭدى. ئۇ قولىدا ھازا خادىسىنى تۇتقىنىچە يول بويى ئەلەملىك يىغا ئارقىلىق ئۆز قايغۇسىنى ئىپادىلەپ، مۈرىسىدە جىنازا كۆتۈرۈپ ماڭغان تۆت كىشىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. بىز قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جىنازا يەرگە قويۇلدى ھەمدە جامائەت رەتلىك تىزىلىپ مېيىت (دەپنە) نامىزىنى ئوقۇشقا تەييارلاندى.

مېيىتنى يەرلىككە قويۇشنىڭ ئەمەلىي جەريانىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، مەن قەبرىلىرىمىزنىڭ قانداق تەييارلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن. ئادەتتە ئۇ باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن گۆر (قەبرە) كولىغۇچىلار تۆت ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت يېرىم فۇت ئەتراپىدا، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئالتە فۇت ئۆپچۆرىسىدە بولغان تۆت چاسا ئورەك كولايدۇ، ئۇ قەبرە ياساش ئۈچۈن ئۇچۇق قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئورەكنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، بىز ئادەتتە ئۇنى قەبرىنىڭ ئىشىكى دەپ ئاتايمىز. ئۇنىڭ ئىچىدە مېيىتنى قويىدىغان ئورۇن (لەھەت — ت) تەييارلىنىدۇ ھەمدە بىر قەۋەت قۇرۇق قۇم يېيىتىلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاختاي ئۈستىدە قويۇلغان مېيىت قەبرىگە بېشىنى قىلغان هالدا ئېلىپ كىرىلىدۇ، مېيىتتىن بۇرۇن قەبرىگە كىرىپ بولغانلار ئۇنى تاختايدىن چۈشۈرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا كەيدۈرۈلگەن كېپەننىڭ بېشى ۋە ئايىغىنى چىگىپ قويغان يىپلارنى يېشىۋېتىدۇ. مېيىتنىڭ بېشى ئوچۇق هالدا مەككىگە قارىتىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز بىر ئوچۇمدىن توپا ئېلىپ ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇپ ھۆرۈپ قەبرىگە تاشلايمىز. ئۇ «ئىخلاس توپىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. قەبرە ئىشىكى خىش بىلەن ئېتىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قەبرە ياساش ئۈچۈن كولانغان ئورەك (كولىغاندا چىقىرىلغان) توپا بىلەن تولدۇرۇلىدۇ ھەمدە قەبرە يېنىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن بىردانە چېدىر تىكىلىدۇ. قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىلار بۇ يەردە قۇرئان ئوقۇشنى كېچە-كۈندۈز داۋاملاشتۇرىدۇ. نامراتلارنىڭ بەك كۆپ ئوقۇتۇشقا قۇربى يەتمىگەچكە بىر ياكى ئىككى پارە ئوقۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ، بىراق بىز كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى تولۇق چىقىرالايدىغان بولغاچ، تاغامنىڭ بېشىدا پۈتۈن قۇرئان ئۈچ قېتىم ئوقۇپ تاماملاندى.

تاغام قازا قىلغان كۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدە تاماق ئېتىلمىدى. بۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قوشنا-قولۇملارنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرى ئېھتىياجىمىزدىن ئېشىپ تۇراتتى. هال سوراپ كەلگۈچىلەر كوللېكتىپ هالدا ھۆكمەت تۇۋلايتتى. هال سورىغۇچىلار ۋە دەپنە مۇراسىمدىن كېيىن قەبرە يوقلىغۇچىلار دەپنە مۇراسىمدىن ئۈچ كۈن كېيىن بېرىلىدىغان مېيىتنىڭ بىرىنچى نەزىرىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ. ئىككىنچى نەزىر يەتتە كۈندىن كېيىن بېرىلىدۇ. ئۈچىنچىسى 40 كۈندىن كېيىن ئەتىگەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەرلەر چېچىنى چۈشۈرسە، ئاياللار بېشىنى يۇيۇپ تارىسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەزىر بار بولۇپ، ئۇ ئۆلگۈچىنى ئەسلەش ئۈچۈن ئۇ قازا قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## تۇغۇت

قاسىم ئاخۇننىڭ سىڭلىسى قۇتلۇق ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىگە ياتلىق قىلىنىدۇ ھەمدە بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولىدۇ. — بىزدە پەرزەنتلەر خۇدانىڭ كاتتا ئىلتىپاتى دەپ قارىلىدۇ، — دەيدۇ قاسىم ئاخۇن. ھەتتا نامراتلارمۇ ئۆزلىرىنى ئۆيدە جېنىنى جان ئېتىۋاتقان باللىرى بىلەن باي دەپ قارايدۇ. ئەگەردە بىر ئايال ئۆزىنىڭ بويىدا بارلىقىنى بىلسە ھەرگىزمۇ ئۆزىنى كۆپچىلىكتىن ئېلىپ قاچمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنى ناھايىتى مۇھىم، ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك ئادەم دەپ بىلىپ، «ئىككى قات» ئىكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن باشقىلارغا ئېيتىدۇ. ئۇ نېمىشقا خۇشال؟ دانىشمەنلىرىمىز: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن ئەمەسمۇ؟ مەن سىڭلىمنىڭ سېغىز پارچىسىنى ئاز-ئازدىن چىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ھېس قىلغاندىلا، خۇشاللىق مىنۇتلارنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ جىنلاردىن قورقۇپ، ئۆينىڭ تورىسىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بويىدا بارلىقىنى تېزلا جەزىملەشتۈردۈم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئانارنىڭ قىپقىزىل رەڭگىنى ئىنتىزار بولۇۋاتقان بالىسىنىڭ قېنىغا قوشۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئانار يېيىشكە ۋە ئانار شەربىتى ئىچىشكە باشلىدى.

بىچارە ئاياللىرىمىز تۇغۇت ئازابى تارتىۋاتقاندا ئۇلارغا بېرىلگەن ياردەم پەقەت بىر - ئىككى ئايالنىڭ ۋارقىراپ-جارقىرىشى ۋە ئازابلىق ئىڭرىشىغا ھەمدەم بولۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس. گەرچە بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەن ھۆل پاختىدا سۈرتۈپ پاكىزلانسىمۇ، 40 كۈنگىچە يۇيۇندۇرۇلمايدۇ، ئەمما بوۋاقنىڭ ئانىسى يۇيۇنۇپ پاكىزلانسا بولىدۇ. بوۋاق تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئانىسى بىلەن بىرگە ئۇخلايدۇ. ئانا-بالا ئىككىسىنى ئۇلارنىڭ كارىۋىتى بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان قۇرئان جىن-ئالۋاستىلارنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن ساقلايدۇ. بوۋاق تۇغۇلغان كۈننىڭ ئەتىسى ياڭاق، قەنت ۋە نان بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلىدۇ. بوۋاقنىڭ كىيىمى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن تىكىلمەيدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ھېچكىم ئاللانىڭ قۇدرەت، شاپائىتى بىلەن بوۋاقنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈك تۇغۇلۇشىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. بوۋاقنىڭ دەسلەپكى كىيىملىرىنىڭ يېنى تىكىلمەيدۇ. چۈنكى يېنى تىكىۋېتىلگەن كىيىملەر بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بۇرۇن ھەم نورمال مېڭىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

جىيەنىم تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندىن كېيىن بۆشۈككە سېلىندى. ئۇنىڭ باش كىيىمىگە، كۆڭلىكىگە ھەتتا ياتىدىغان بۆشۈكىگىچە نىجاتلىق بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى.

جىيەنىم ئاساسەن دېگۈدەك بۆشۈكتە ياتاتتى. پەقەت ئۇزۇقلاندۇرۇلغاندىلا بۆشۈكتىن يېشىلەتتى. قالغان ۋاقىتلاردا بۆشۈكتە بېقىلاتتى. يېزىدىكى بالىلار كىچىك چاغلىرىدا ئۆزى خالىغاننى قىلىدىغان، ئۆيدىكى ھەممىنى باشقۇرىدىغان مەسئۇلىيەتسىز ھۆكۈمرانلاردىن بولىدۇ، بىراق ئۇلار ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىدۇ. ناۋادا ئۇلار بەك ھەددىدىن ئاشسا ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى سەت گەپ بىلەن تىللايدۇ ھەمدە جازالايدۇ. بالىلار ئالتە ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا مەكتەپكە كىرىدۇ، قىزلار 8 - 12 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بويىغا يەتتى دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ئوغۇللار بايلاردىن بولسا 14 - 16 يېشىدا ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولسا بولىدۇ.

### توي مۇراسىملىرى

قاسىم ئاخۇن ھەزرىتى ئاپپاق مازىرىدا زۆھرە خان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. زۆھرەخاننىڭ بۇلاقتەك قوي كۆزى، يېڭى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىپقىزىل مەڭزى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ. بىراق قاسىم ئاخۇن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بۇ توي ئىشىغا قارشى تۇرۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ، چۈنكى زۆھرەخاننىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى، قاسىم ئاخۇن تۆۋەندىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئىنىكئانام ئۆگەي ئانام ۋە ئانا جەمەتىمدىن بولغان تاغامنىڭ ئايالى بىلەن پاراڭلاشتى ھەمدە ئۇلار پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئەرلىرىگە يۆتكەشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئۇ قىزنى (زۆھرە خاننى) ناھايىتى ياخشى قىز، ئېسىل نەسەبلىك، باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراشتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ چىقىپ، بولغۇسى ئايالىمنىڭ مېنىڭ ئائىلەمگە تەۋە ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئۇلار «بۇ قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆزىگە ھەمراھ تاللاشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى» دەپ قارىدى. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ئۇلار ئەلچىلەرنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. سوۋغا - سالاملار قوبۇل قىلىنىپ، ئەلچىلەر ئوبدان قارشى ئېلىنىپ، ياخشى كۈتۈۋېلىنغانىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۆگەي ئانام ۋە سىڭلىم تەپسىلىي ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئۆيىگە باردى. قىز تەرەپ قىز مېلى (تويلۇق) ئۈچۈن بىر جۈپ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن مۇنچاق، بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك، بىر جۈپ مەرۋايىت بىلەزۈك، بىر جۈپ كۈمۈش ھالقا، ئىككى جۈپ ئاياغ، ئىككى قۇر پەلتۇ (بۇلارنىڭ بىرى يىپەكتىن تىكىلگەن بولۇشى كېرەك)، بىر دانە كىچىك دوپپا ۋە بىر دانە چوققىسىغا ئالتۇندىن نەقىش ئىشلەنگەن چوڭ دوپپا، زىننەتلەنگەن كېيىك تېرىسى ۋە بىر قانچە پارچە ئېسىل گىلەم، كۆرپە، ئەديال قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلغانىدى. مەن بۇلارنى شۇ كۈنىلا سىڭلىمدىن ئۇقتۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن دادام مېنى چاقىرىتىپ، كەلگۈسىم توغرىسىدا مەن بىلەن ناھايىتى دوستانە پاراڭلاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ «مۇسۇلمان ئايال بىلەن نىكاھلىنىش سېنى ناھايىتى چوڭ ساۋاب ۋە پايدىغا ئېرىشتۈرىدۇ، مۇسۇلمان ئايال پەقەت ئۆز ئېرىگىلا تەبەسسۇم ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ ھەمدە ئۇ ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇنىڭ ئۆيى ۋە مال - مۈلكىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن قارايدۇ» دېگەن ھەدىسنى نەقىل كەلتۈردى. دادامنىڭ ئۇ سۆزلىرىگە مېنىڭ جاۋابىم پارسلارنىڭ «قۇل قانداقمۇ بىلدۈرسۇن ئاغا قارشىلىق، ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى يەتسە قۇلاققا» دېگەن شېئىرى بولدى.

سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا سىڭلىمنى ئىزدەپ ئاياللار تۇرىدىغان ھويلىغا باردىم ھەمدە ئۇ يەردە مېھمان بارلىقىنى بىلدىم. ئارقامغا يېنىپ دەرۋازا يېنىغا كەلگىنىمدە، ئىنىكئانام مېنى ئۆگەي ئانامنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ ئەكىردى. مەن توي قىلماقچى بولغان قىز ئانىسى ۋە بىر قانچە ئايال بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى. قېيىنئانامدىن باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ماڭا سالام قىلدى. زۆھرەخانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنغان بولۇپ، مەن مېھمانخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سۇپىسىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندىم. داستىخاندا نان ۋە تۇز سۈيى قويۇلغانىدى، ئانىلىرىمىز ناننى پارچىلاپ تۇزغا چۆكۈرگەندىن كېيىن بىزگە بىر پارچىدىن بەردى. نىكاھ ئىشىمىز مۇشۇ يەردە مۇقىملىنىپ بولغان بولسىمۇ، كېلىنچەك يەنىلا يۈزىنى يۆگەپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئەمما توي مۇراسىمى كۈنى ئۇلار يۈزىنى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىدۇ، يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەمراھلىرىنى ئۆزى ياقتۇرغان ھالەتتە كۆرەلەيدۇ، ئاياللارمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ كوچىلاردىمۇ چۈمبەلسىز يۈرەلەيدۇ.

قاسىم ئاخۇن بايلار ئارىسىدىكى تويلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تويىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ.

يىگىتلەر ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى ئۆيىنىڭ «چوڭ ئاغىچىسى» بولۇشقا تىرىشىدۇ. بەزىلەر توقال ئالغاندا ئۆتكۈزگەن توي مۇراسىملىرى ئانچە

مۇھىم دەپ قارالمايدۇ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇنداق توي مۇراسىملىرى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ.

توي تەييارلىقىمىز تويدىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى باشلاندى. بىر قانچە ئادەم تاغدىكى پادىچىلارنىڭ (چوپان) قېشىغا سېمىز قويلارنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. قېيىنئاتام ئىمىن باينىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان چوڭ ھويلىسىنىڭ ئىچى، تېشى سىرلانغان ھەم ئاقارتىلغان بولۇپ، ئاستىغا خىش ياتقۇزۇلغانىدى. تاشقىرىقى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا قىزىل، يېشىل گۈللۈك لېنتىلار، باشقا ئۆيلەرنىڭ تېمىغا گۈل بىلەن زىننەتلەنگەن بويۇملار ئېسىلغانىدى. ئۇلار يەنە نۇرغۇن رەخت سېتىۋالغان بولۇپ، چەپەر (تىككۈچىلەر)گە ئائىلىمىزدىكىلەرگە يەتكۈدەك كىيىم-كېچەك تىككۈزۈپلا قالماي، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان، ھەر خىل پاسوندىكى پەلتۇلاردىن نۇرغۇن تىكتۈرگەنىدى. چۈنكى بۇنداق زىياپەتلەردە مېھمانلارنى يېمەك-ئىچمەك بىلەنلا كۈتۈۋېلىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇلارغا تون كەيدۈرۈش كېرەك دەپ قارايتتى، ئۇلار نان يېقىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تۈگمىنىدە تارتىلغان سۈپەتلىك بۇغداي ئۇنى ئىشلىتىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىمىزدە ناۋايلارنىڭ نېنىغا ئانچە ئورۇن يوق ئىدى.

توي تەييارلىقى ئۈچۈن تاغامنىڭ ھويلىسىدا قويلار سويۇلدى. قوي گۆشى بىلەن تەييارلىنىدىغان بارلىق تائاملار تولۇق ئېتىلگەندىن سىرت، ئۇلار يەنە قوينىڭ ئۈچەينى قۇيۇپ، ھېسىپ قىلىپ توغراپ قويدى. مۇسۇلمانلار ئادەتتە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى ئىشلەتمەيمىز. توي تەييارلىقى قىلىنىۋاتقان كۈنلەردە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يول سۇ توشۇغۇچىلار سۇ توشۇغاندا تۆكۈلگەن سۇدا ناھايىتى پاتقاق بولۇپ كەتتى. يېزىمىزدا ئۆيلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇلارنىڭ ھەممىسى ياغاچ چېلەك بىلەن توشۇلىدۇ. يېزىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر سۇ توشۇش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. توي كۈنىدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى قېيىنئاتام توي تەكلىپنامىلىرىنى ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن يىراقتىن كېلىدىغان مېھمانلار تويدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. قالغان مېھمانلار بولسا تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە كېلىدۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى زۆرۈر دەپ قارىغان سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. سوۋغىلارنىڭ ئىچىدە قوي ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كۈتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، كەچتە توي مۇراسىمى باشلاندى. توي مۇراسىمى ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. نىكاھ ئوقۇغۇچى تويىنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ، نىكاھتا ئەركىن بولغۇچىلارنىڭ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ھەممىدە يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارنىڭ نىكاھلانسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى ۋە داۋامىدىن مېنىڭ زۆھرەخاننى خوتۇنلۇققا ئېلىشىمغا قوشۇلىدىغان-قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قىزنىڭ دادىسىدىنمۇ قىزنىڭ ماڭا ياتلىق بولۇشىنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. ئارقىدىنلا ئۇ كېلىنچەكنىڭ دادىسى تەكلىپ قىلغان ئۈچ گۇۋاھچىغا بۇرۇلدى ھەمدە ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ قانچە قەسەم بىلەن بىزنى چېتىپ قويسا بولىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار 27 مىڭ قېتىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە ئارىلاش نىكاھ سورۇنىدا ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغان شەرتلەرنى تەكرارلىدى. شەرتلەر بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى 27 مىڭ قەسەم بىلەن چېتىپ قويدى. ئاخىرىدا ئۇ مەندىن ئىمىن باينىڭ قىزى زۆھرەخاننى نىكاھىمغا ئېلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئالدىم، دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن كېيىن ئۇ ئىشىكى يېرىم ئېچىلغان ياندىكى ئۆيدە تۇرۇۋاتقان، چۈمپەردە بىلەن يۆگەلگەن قىزغا سۆز قىلدى ھەمدە مېنى قوبۇل قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىنى، رازىلىقى بار-يوقلۇقىنى سورىدى. بىراق كېلىنچەك ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى. كېلىنچەك دەرھاللا «قوبۇل قىلدىم ياكى رازىمەن» دېيىشكە پېتىنالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنداق قىلىش بىر خىل شاللاقلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ سوئال ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغاندىمۇ جاۋاب قايتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاياللار ئادەت بويىچە ئۇنى سورەلمىلىك قىلماي، دەرھال جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ سوئال ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىنىدۇ ھەمدە كېلىنچەك ناھايىتى پەس ئاۋازدا ئۆزىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ جاۋابى باشقا ئاياللار ئارقىلىق ناھايىتى قىزغىن ۋە ئېنىق قىلىپ كۈچەيتىپ ئېيتىلىدۇ. قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، موللام نانىنى ئىككى پارچە قىلىپ ئوشتۇپ، تۇزغا چۆكۈرگەندىن كېيىن بىر پارچىسىنى يېنىدىكىلەر ئارقىلىق ماڭا بېرىپ، يەنە بىر پارچىسىنى كېلىنچەكنىڭ يەڭگىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەردى. قىسقا بىر دۇئادىن كېيىن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى

ئورنىدىن تۇرۇپ بىزنى مۇبارەكلىدى ھەمدە ئىمىن بەگنىڭ بىر ئېسىل كۆيۈئوغۇللۇق بولغانلىقىنى، دادامنىڭ مەرتىۋىلىك ۋە چىرايلىق كېلىنلىك بولغانلىقىنى قۇتلاشتى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاياللار ۋە كېلىنچەك ئۆز ھۇجرىلىرىغا قايتىپ دەم ئالدى. بىر قىسىم مېھمانلار ئەتى- سى قايتىش ئۈچۈن قېپقالدى. باشقىلار بولۇپمۇ ياشلار پا- راڭلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، نەي، ساتار، دۇتار، تەمبۇر ۋە داپ قاتارلىق چالغۇلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشتى. زىياپەت ۋە كۆڭۈل ئېچىشلار تولۇق بىر ھەپتە داۋاملاشتى، مۇزىكىلار قولۇم- قوشنىلارغىمۇ پىشىشىق بولۇپ كەتتى. توي خەۋىرىمىز ناھايىتى تېز لا يېزىمىز ۋە ئەتراپتىكى يېزا- كەنتلەردىكى ساھىل- تىلەمچىلەرنىڭ قۇ- لىقىغا يەتتى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى چاقىرىلمىغان مېھمانلار- نىڭ ئىشىكىمىز ئالدىدا ھازىر بولۇشى ئۈچۈن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمىدى. ئۇلارنىڭ قاچىلىرى ئېسىل غىزالار بىلەن تولدۇرۇلدى، بىرسىمۇ قۇرۇق قول قايتۇرۇلمىدى. چۈنكى بىز ئاللانىڭ كەمبەغەللەرنىڭ دۇئاسىنى بەكرەك ئىجاۋەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق، شۇڭا بىز ئۇلاردىن بىزنىڭ بايا- شات، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى تىلەپ دۇئا قىلى- شىنى ئۆتۈندۇق.

## ئوغلاق ئويۇنى

بەلكىم سىز بىزدىن پۈتۈن بىر ھەپتە كۆڭۈل ئېچىش جەريانىدا نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىمىزنى سورىشىڭىز مۇمكىن. بۇ جەرياندا بىز يېمەك- ئىچمەكتىن ھۇزۇرلىنى- مىز، پاراڭلىشىمىز، مۇزىكا ئاڭلايمىز، ئۇسسۇل ئوينايمىز ياكى باشقىلارنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلىنى كۆرىمىز. ئەڭ ئا- خىرىدا بىز تولۇق ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوغلاق ئويۇنىغا قاتنىشىمىز ياكى ئويۇن كۆرىمىز. ئوغلاق ئويۇنى ئادەتتە ئاتلىقلارنىڭ ئوغلاق تالىشىش مۇسابىقىسى بولۇپ، چوڭ تويلاردا كەم بولسا بولمايدۇ. بىرىنچى كۈندىكى مۇ- كاپات ئۈچۈن قېپىنئاتام 50 سەر (50 سەر 1750 گىرامغا تەڭ) كۈمۈش چىقاردى. ئىككىنچى كۈنى ئانا جەمەت تاغام بىرىنچى كۈندىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ كۈمۈش چىقاردى. بازىرىمىزدىكى ۋە ئەتراپتىكى ياشلار ئۆزلىرى- نىڭ ئەڭ ئېسىل ئاتلىرى بىلەن بۇ ئوغلاق ئويۇنىغا قاتناش- تى. ئوغلاق تارتىش تۆۋەندىكىدەك تەرتىپتە ئېلىپ بېرىلى- دۇ، ئوغلاقچى بىر قولىدا ئوغلاقنى تۇتقان پېتى كەڭ دالىدا ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرىدۇ، ئارقىسىدىن بارلىق رىقابەت- چىلىرى ئۇنىڭ قولىدىن ئوغلاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن شىددەت بىلەن ئېتىلىدۇ. ئوغلاقچىلارنىڭ قايسى بىرى ئوغلاقنى تارتىۋالسا شۇ ئان باشقىلاردىن قاچىدۇ. قايسى ماھىر مۇسابىقە مەيدانى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق را- يونىدىكى ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان ئۆيگە ئوغلاق بىلەن بىرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېتىپ بارالىسا مۇكاپات شۇ- نىڭغا بېرىلىدۇ. بەزى جايلاردا، بولۇپمۇ قىرغىزلار مۇشۇ خىلدىكى ئات بەيگىلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تېز چاپىدىغان ئاتلارنى مەخسۇس باقىدۇ.

## كېلىنچەكنى يۆتكەش

توي مۇراسىم كۈنلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەقەت كېلىنچەكنى يۆتكەش ئىشلا قېپقالدۇ. ھازىر كې- لىنچەكنى يۆتكەش ئىشىغا بۇرۇنقىدەك ئەھمىيەت بەرمەي- دىغان بولۇشتى. كېلىنچەكنىڭ تەختىراۋىنى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا ناھايىتى كۆركەم ياسىلىدۇ. سەككىزىنچى كۈنى ئاخشىمى كېلىنچەكنى ئاياللار تاۋار- دۇردۇن، مامۇق ۋە گۈللۈك رەختلەر بىلەن بېزەلگەن تەختىراۋانغا ئېلىپ چىقتى. تەختىراۋاننى ئۆيىمىزدىن كەلگەن خىزمەتكارلار كۆتۈردى. مەن يېڭى جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن، كۈمۈش رەڭلىك ئېگەر توقۇلغان ئېسىل ئاتقا مىنىپ، تەختىراۋاننىڭ ئالدىدا ماڭدىم. بىر توپ ياشلار بىزنى چۆرىدەپ مېڭىشتى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا سازەندىلەر ساز چېلىپ ماڭدى. گۈلخان كۆتۈرگۈچىلەر توپنىڭ ئالدى ۋە ئاخىرىدا ماڭدى. يول بويى سۇناي چېلىندى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خۇشاللىقنى كۆرۈش ئۈچۈن كوچىغا يىغىلدى. ئۆيىمىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە دادام ئۆزى چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئىچكىرىكى ئىشىككە كەلگەندە ئۆگەي ئانام كۈتۈۋالدى. ئۇلار بىز ئۈچۈن تەييارلانغان سۇپىدا بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى، ئادەتتە ئوغۇللار توي قىلغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقمايدۇ. بىر قانچە ئائىلىلىك ئادەم بىر چوڭ ئائىلىدە ئاتا- بوۋىسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشايدۇ. شۇنداق بولغاچ- قا بىزنىڭ ئائىلىدىكى ئوغۇللار، كېلىنلەر ۋە نەۋرىلەر پەقەت ئاتا- بوۋىمىز ھايات بولسىلا، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇ- شى ۋە تەنبىھ- نەسىھىتى ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرىمىز.

(گۇننار ياررىڭ: «گوستاف رەكت ۋە قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان خەتلىرى — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېتنوگ- رافىيە ۋە فولكلورىغا ئائىت ماتېرىياللار»دىن تەرجىمە قىلىندى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابابەكرى ئابدۇرېشىت

# ئىككى مەسەل

مۇھەممەت ئىمىن



## ناخشىچى ئېشەك بىلەن تەخسكەش مويناق

تاغ باغرىدىكى مەخمەلدەك ياپيېشىل ئوتلاقتا قويۇۋېتىلگەن يولۇچىنىڭ ئېشىكى بۇلۇق ئوت-چۆپلەرنى تويغىچە يەپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنى قانغۇچە ئىچىپ، شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىكى، ئىختىيارسىز بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھاڭرىۋەتتى:

— ھى-ھاڭ، ھى-ھاڭ ھى-ھاڭ!...

تاغدىن قايتۇرۇلغان ئەكس سادا ئۇنىڭغا ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۆز ئاۋازىنىڭ بۇنچىلىك ساز چىقىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئېشەك يىراق-يىراق تاغلاردىن لەرزان كېلىۋاتقان ئەكس سادا غا ھەيران بولۇپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— خەق دېگەن ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدىكەن جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — مېنىڭ ئاۋازىمنى سەت، يېقىمسىز دېيىشكىنى نېمىسى؟ مانا بۈگۈن ئاڭلاپ باققان بولسا نېمە دەر ئىدىكىنە؟...

— ھاۋ، ھاۋ، ھاۋ...

توقۇم ئۈستىگە ئارتىلغان خۇرجۇن ئىچىدىكى پىششىق گۆش بىلەن قاتلىمىنىڭ مەززىلىك ھىدىنى پۇراپ يېتىپ كەلگەن مويناق ئىسىملىك ئىت تىلىنى غىيرىچ چىقىرىپ ئېشەك ئەتراپىدا پىچىرلىغىلى تۇردى.

— نېمە قىلماقچىسەن؟ — قورقۇپ كەتكەن ئېشەك سالپاڭ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ۋارقىرىدى، — مەندىن يىراقراق تۇر! بولمىسا ھېلى...

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال، ئېشەك ئاكا! — دېدى مويناق خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — نېمانچە چىچاڭلاش؟ سېنىڭ يېقىملىق ناخشاڭ ئىختىيارسىز ھالدا مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى!

— مۇنداق دېگىن! — جاۋغايلىرىدا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى پەيدا بولغان ئېشەك يېنىك بىر تىنىۋالدى، — مېنىڭ ناخشام ھېچكىمگە ياقمايتتى-يۇ، قانداقچە ساڭا يېقىپ قالدى؟

— نەدىكى گەپ ئۇ؟ — دېدى مويناق نارازى بولغان قىياپەتتە، — ھېلىقىچە ئۆزۈڭنىڭ ئاتاقلىق ناخشى-



چى ئىكەنلىكىڭنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنسەندە! مەندە سەنـ
چىلىك ماھارەت بولىدىغان بولسىچۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە
ئىشلىك باقمەن دەپ يۈرمەي، ناخشا ئېيتىپلا جان باققان
بولاتتىم!

— ئاشۇرۇۋەتتىڭغۇ دەيمەن! — دېدى ئىشەك كەمتەرلىك بىلەن، — مېنىڭ ناخشام ساڭا ياققان بىلەن باشقىلارغا ياقمايدۇ!

— ھەي، تەكەللۇپنى قويۇپ ھېلىقى يېقىملىق ناخشاڭنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرسەڭچۇ! — دېدى مويناق يېلىنىپ.

— ھى ـ ھاڭ، ھى ھاڭ، ھى ـ ھاڭ!...

ئىشەك بار كۈچى بىلەن چىڭقىلىپ شۇنداق ھاڭگىرىدىكى، ئەتراپتىكى قاتمۇقات تاغلار زىلزىلىگە كەلدى، ئەمدىلا قايتىدىن يېقىملىق سايراشقا باشلىغان قۇشقاچلار ھۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى. مويناقمۇ پاڭ بولۇپ قېلىشقا تاس قالغان قۇلىقىنى چىڭ ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— قانداقراق! — ئىشەك ناخشىسىنى توختىتىپ چىرايى يورۇشۇپ كەتكەن مويناققا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— بارىكاللا! — دېدى مويناق دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ناخشىچى بولسا سەندەك بولسا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە ئارمان قالامدىغان! ناخشاڭ يۈرەك تارىلىرىمنى تىترەتكەچ، ئىلھامىم سەل بولدى، ھاياجىنىمنى بېسىۋالالماي بىر شېئىرمۇ يېزىۋەتتىم دېگىنە! ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ باقامسەن؟

— قېنى ئاڭلايلى، — دېدى ئىشەك قىزىقسىنىپ.

— ئەمسە، قۇلاق سال! — مويناق قەددىنى رۇسلاپ يازغان شېئىرىنى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

ئىخ ئىشەك، ئىخ ئىشەك، ناخشىچى ئىشەك،
ناخشاڭنىڭ ئەۋجىدىن تىترىدى يۈرەك.
ناخشاڭدىن رەڭ ئالدى گۈزەل دەريا ـ تاغ،
ناخشاڭدىن ئوتقاشتەك چاقنىدى چېچەك.
سېنىڭدەك ناخشىچى تېپىلماس ھامان.
كەزسەمۇ ئالەمنى قېدىرىپ ھەريان.
ناخشاڭسىز ئۆتكەن كۈن كۈن ئەمەس، ماتەم،
بەختىمگە مىڭ ياشا، مەڭگۈ بول ئامان!

— پاھ، پاھ، پاھ! جۇغۇڭ كىچىك بولغىنى بىلەن قالتىس تالانتلىق ئىكەنسەن جۇمۇ! — ئىشەك ھاياجاندىن گەپكە كەلمەي قالغان تىلىنى چايناپ، ئۆزىنى ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرگەن مويناقنى يارىشىقدا ماختىغىلى تۇردى، — شۇنچە ۋاقىتقىچە تالانتىڭنى ئاشكارىلىماي كەلگىنىڭ نېمىسى ئۇ؟ بۇنچىلىك قابىلىيىتىڭ بارلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ئىچىم پۇشقان چاغلاردا يېنىڭغا بېرىپ، دىلغا ياغدەك ياقىدىغان ئاجايىپ شېئىرلىرىڭنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلانماسمىدىم!

— قويساڭا! — دېدى مويناق بېشىنى چايقاپ، سېنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىڭ ئالدىدا بۇ شېئىرلىرىمنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىك نېمىسى بار دەيسەن؟

— ھەي، ئۆزىدە بار ئارتۇقچىلىقنى يوق دېيىش تەكەببۇرلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ، — دېدى ئىشەك سەممىيلىك بىلەن. سېنى راستىنلا «شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ چولپىنى» دېيىشمۇ ئارتۇق كەتمەيدىكەن!...

ئۆزئارا ماختاشلار شۇ تەرىقىدە بىر ھازا داۋاملاشقاندىن كېيىن، مويناق ئۆز مەقسىتىگە كۆچتى.

— ئاۋۇ ئورماننى كۆرۈۋاتامسەن، ئىشەك ئاكا! — دېدى ئۇ ئالدى تەرەپتىكى بۈك باراقسانلىقنى كۆرسىتىپ، — ناخشا ئېيتقاچ ئۇ يەرگە بېرىپ بىردەم ئويناپ كەلسەك بولامدۇ؟ مەنزىرىسى شۇنداق گۈزەلكەنكى، رەڭمۇرەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، تۈرلۈك تۈمەن قۇشلار نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپتىپتۇ. زۇمرەتتەك تاغ سۈيى قىرغاقتىكى چىمەننى سۆيۈپ، يېقىملىق ساز چېلىپ ئېقىۋېتىپتۇ، پاھ، پاھ! قىسقىسى، ئۇنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ!

— راست شۇنداق بولسا ئايلىنىپ كەلسەممۇ كېلەي! — ئىشەك مېڭىشقا تەمشىلىۋېدى، مويناق دەرھال توختىتىۋالدى:

— دۈمبەڭگە ئارتىۋالغان خۇرجۇنۇڭنى تاشلاپ كەت، ئىشەك ئاكا! مەن قاراپ تۇرىمەن.

— ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئېشەك ئارىسالدى بولۇپ، — بۇنىڭ ئىچىدە ئىگەمنىڭ يەيدىغان ئۇزۇق-تۈلۈكلىرى تۇرسا!

— ماڭا ئىشەنمەمسەن؟ — دېدى مويناق ئاچچىقلاپ، — مەن دېگەن قوتاندىكى يۈزلىگەن قوي قوزىلارنى، هويلا-ئارامىلاردىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى هېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتماي ساقلاپ كېلىۋاتقان يەردە بىر خۇرجۇن نەرسىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويامتىم!

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق...

— «بىراق» دېگىنىڭ نېمىسى؟ — تاقىتى تاق بولغان مويناق ئېشەكنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — شۇنچە ئاتاقلىق ناخشىچى تۇرۇپ ئۇستۇڭگە يۈك-تاق ئارتىپ يۈرسەڭ ئورمان ئەھلى ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ! ئابرۇيىڭغىمۇ تەسىر يېتىدۇ-دە، ئۇبدان ئويلاپ كۆر!

— راست، بۇ گېپىڭمۇ ئورۇنلۇق! — دېدى ئېشەك ئاخىر قايىل بولۇپ، — ئەمىسە، خۇرجۇننىڭ يېنىدىن يىراققا كېتىپ قالمىغىن جۇمۇ ئۇكا!

— ئەلۋەتتە!

ئېشەك يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، مويناق خۇرجۇننىڭ ئىزمىسىنى ئالدىراپ-تېنەپ يېشىپ، پىششىق گۆش بىلەن قاتلىملارنى قاسداپ يېگىلى تۇردى.

سەيلىدىن قايتىپ كەلگەن ئېشەك خۇرجۇننىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچتى:

— هۇ ئالدامچى! ئىگەمنىڭ نەرسىلىرىنى يەۋېلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ هازىر تۆلەپ بەرمىسەڭ كۆرگۈلۈگۈڭنى كۆرىسەن!

— هىم، تۆلەيمىشمەن تېخى! — دېدى مويناق ئېشەكنىڭ غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىغا مەنسىتمىگەن هالدا قاراپ قويۇپ، — مۇشۇ نەرسەڭنى دېمىسەم، مەنزە، سەندەك دەلدەڭ قۇلاققا بىكاردىن بىكار مەدھىيە ئوقۇپ يۈرەمتىم؟ هېلىغۇ بىر خۇرجۇن نەرسەڭنى يەپتىمەن، هېلىقى شېئىرىمغا بارغۇ، مۇشۇنداق ئون خۇرجۇن نەرسە بەرسەڭمۇ ئازلىق قىلىدۇ!

— تۇفى! ئىزا تارتماي دەۋاتقان گېپىنى قارالڭ! مەن سېنى «شائىر» دەپ قويسامزە، يازغىنىم راستىنلا شېئىرغا ئوخشىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپسەندە! ئۇنداق نېمەڭنى قۇيرۇقۇمنىڭ بىر تال قىلمۇ يازالايدۇ! — ئېشەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، كۆۋۈكلىرىنى ھەريانغا چاچرىتىپ ھەدەپ چالۋاقايتتى.

— يوغان گەپنى قويۇپ، سەنمۇ قېنى بىر شېئىر يېزىپ باقمامسەن! — دېدى مويناق قايىل بولماي.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇر! — ئېشەك بار ئاۋازى بىلەن ئۆز شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

هەي مويناق، هەي مويناق، ئالدامچى مويناق،
خۇن پۇراپ هەر يانغا قۇرىسەن قىلتاق.
بىر چىشلەم گۆش ئۈچۈن ساتىسەن ۋىجدان،
قۇيرۇقۇڭ ئوينىتىپ يالايسەن ئاياغ!

— ئاغزىڭنى يۇم! — سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلىگەن مويناق يەرنى تاتىلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ھەيۋە قىلدى.

— ئالدىرىماي تۇر، تۈگىمىدى تېخى! — ئېشەك موينىقىنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلىپمۇ قويماي شېئىرىنى داۋاملاشتۇردى:

يۈزۈڭنىڭ تۈكى بار غېرىچ كەلگىدەك،
ھەتتاكى دوستۇڭغا سالىسەن پىچاق.
يىراقتىن غىڭشىيسەن، كۈچۈكلىنىسەن،
رەقىبىڭ غەزەپتە شىلتىسا تاياق.
مويناق چىدىيالماي سەكرەپ كەتتى-دە:

— ئەستاغپۇرۇللا، قانداق قىلسام بولار، بۇ دەلدەڭ قۇلاقنى! ھېلى تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ كۆرپە قىلماي يەنە! — مويناق قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقان ئېشەككە ئېتىلىشقا تەمشەلدى.

— نوچى بولساڭ يېقىن كەل! — دېدى ئېشەكمۇ بوش كەلمەي، — گۆشۈڭنى خىمىردەك ئەيلەپ، سۆڭەككىڭنى ئوتتۇندەك چەيلەپ، ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام ھېساب ئەمەس!

بىر-بىرىنى تىللىشىۋېرىپ هالى كېتەي دەپ قالغان ئېشەك بىلەن موينىقىنىڭ يېنىغا كېپىقالغان تۈلكە جېدەلگە ئارىلاشتى:





— بۇنداق قۇرۇقتىن-قۇرۇق تىللىشىۋەرگەندىن نېمە نەتىجە چىقىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ بىر-بىرىڭلار بىلەن ئېلىشىپ كۆرگىنىڭلار تۈزۈك ئەمەسمۇ! ئەگەر ھېچقايسىڭلاردا بۇنداق جۈرئەت بولمىسا، تولا كاسىلداپ قۇلاق-مېڭىنى يېمەي، بۇرۇنراق قۇيرۇقۇڭلارنى قىسىپ ئۆز يولۇڭلارغا راۋان بولۇڭلار، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان پالۋانلىرىم!

— ھىم، مەن بەستىم تاغدەك كېلىدىغان ئېشەك تۇرۇپ، مۈشتۇمچىلىك مويناقتىن قورقاتتىممۇ! — ئېشەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ مويناققا يېقىنلاشتى.

— كەل، كەل! بوي دېگەن پور تېرەكتىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ بوران چىقا-چىقمايلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، سەن نىھايەت شۇ پور تېرەكچىلىك بولالىساڭمۇ چوڭ گەپ! — موينىاق ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئېشەكنىڭ يان تەرىپىگە چاققانلىق بىلەن ئۆتتى-دە، ئۇنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن يىرىۋەتتى.

ئېشەك جان ئاچچىقىدا ئاغزى قانغا بويالغان موينىاقنى شۇنداق قاتتىق تەپتىكى، ئۇ تىك موللاق چۈشۈپ، يىقىلغان يەردىلا تىن تارتماي ئۆلدى.

تۈلكە سەكراتقا چۈشكەن ئېشەككە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۆز-ئۆزىگە دېدى:

— خۇدا بەرسە قوشلاپ بېرىپتۇ دېگەندەك، بۈگۈن ئامىتىم ئەجەبمۇ قوش كەلدى-ھە! بىراق بۇ ئىككى ئەخمەقنىڭ شۇنچە جىق گۆشىنى قاچانمۇ يەپ بولارمەن؟ ئاڭغىچە سېسىپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ!

## ئۆگزە بىلەن شوتا

ئۆگزە ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— ھەي شوتىجان، باشقىلارنى گەجگەڭگە دەسسىتىپ يۇقىرىغا چىقىرىپ قويىدىكەنسەنۇ، ئۆزۈڭ پەستە قېلىۋېرىدىكەنسەن، بۇنىڭغا قورسىقىڭ كۆيمەمدۇ؟

— ياقەي، — شوتا ئويلىنىپ جاۋاب بەردى، — شۇنداق قىلالىغانلىقىمدىن خۇشال بولىمەن، پەخىرلىنىمەن. شۇ خىسلىتىم بولمىغان بولسا ئىدى، كىشىلەرمۇ مېنى ھۆرمەتلەپ «شوتا» دەپ ئاتىمىغان بولاتتى!

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا)





# خەلق ئەدەبىياتىدا ئەلشىر نەۋايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجادىيەتلەر

**فىكرەت تۈركمەن (تۈركىيە)**

ئەلشىر نەۋايى پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە، ئەسەرلىرى ھەرقايسى ئەللەردە سۆيۈپ ئوقۇلغان بۈيۈك شەخستۇر. ئەينى شەكىلدە ئەسەرلىرى ئەڭ كۆپ تەقلىد قىلىنغان، ئىران ۋە ھىندىستان سارايلىرىدىمۇ پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىلغان ئەڭ مۇھىم مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبتۇر.

نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ياشىغان دەۋرىمۇ ئۇنىڭ شۆھرىتىگە مۇناسىپ پارلاق ۋە باياشاتلىققا تولغانىدى. نەۋايى تېمۇر سۇلالىسىنىڭ، ئاققۇيۇنلار ۋە ئوسمانىيلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە ياشىغان. ئەلشىر نەۋايى ئىران ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن جامىي، تېمۇرنىڭ تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى، شۇنىڭدەك باشقا بىر مۇنچە شائىر ۋە ئالىملار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە دەرس ئېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان، 1441 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ھېراتتا تۇغۇلغان، نەۋايىنىڭ دادىسى غىياسىددىن كىچىككىنە باخشىدۇر. كىچىككىنە باخشى خۇراسان ھاكىمى سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئائىلە ئەمەلدارلىرىدىن بىرى ئىدى. ئانا تەرەپ بوۋىسى ئەبۇ سەئىد جىسەكمۇ مىرزا بايقارانىڭ بەگلەر بېگى بولغان.

نەۋايىنىڭ ياشىغان دەۋرى، ئائىلە مۇھىتى ئۇنىڭغا بەزى ئالاھىدە ئىمكانىيەتلەرنى ياراتقان. مىرزا بايقارانىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ساۋاقداش بولغان ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىغا ئايلانغان، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە نۇرغۇن ئىمكانىيەتكە ئېرىشكەن.

ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدە ھېرات ئىلىم ۋە سەنئەت مەركىزىگە ئايلانغان شەھەردىكى پارلاق ۋە دەبدەبىلىك ھايات شۇ دەۋردىكى ئەسەرلەردە رىۋايەتلەشتۈرۈلۈپ تەرىپلەنگەن①. نەۋايىنىڭ ھاياتىمۇ مۇشۇ رىۋايەت ئىچىدە ئۆتكەن. نۇرغۇنلىغان سائادەتلىك تاسادىپىي ۋەقەلەر ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت پايدىلىق تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، 1447 ـ يىلى شاھرۇھنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن كىچىككىنە باھادىر ئائىلە ياشلىق ئەلشىرنىمۇ ئېلىپ چوڭ

بىر كارۋان بىلەن ئىراققا كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىققان. يولدا تاسادىپىي ھالدا تىمۇرنىڭ تارىخچىلىرىدىن شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ خانىسىغا چۈشۈپ ئارام ئالغان، بۇ تاسادىپىيلىق نەۋائىينى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگەن.

1452-يىلى سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خۇراسانغا ھاكىم بولۇشى بىلەن كىچىككىنە باھادىر ئەلىشىرنى ئېلىپ خۇراسانغا قايتىپ، سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. بۇ مەزگىلدە ھۈسەيىن بايقارامۇ ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئەبۇلقاسىم ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەلىشىرنىڭ ئوقۇشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇلارنى دائىم رىغبەتلەندۈرگەن، ئۇلارمۇ كىچىك تۇرۇپلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان②.

1456-يىلى 10-ئايدا ئەبۇلقاسىم مەشھەتكە يۆتكەلگەندە بايقارا بىلەن نەۋائىينىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن. سۇلتان ئالتە ئايدىن كېيىن (1457-يىل 3-ئاينىڭ 22-كۈنى) شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. بايقارا ئۇ يەردىن مەرۋەگە كەتكەن، لېكىن نەۋائىي مەشھەتتە قېلىپ، شەخ كەمالى تۇربەتى بىلەن تونۇشقان، ئۇنىڭ ھىممىتىگىمۇ ئېرىشكەن. نەۋائىي مەشھەتتە تۇرغان ۋاقتىدا دەرۋىش مەنسۇر دېگەن بىر تەسەۋۋۇپچى شائىردىن ئارۇز بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن.

دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن نەۋائىينى تىمۇر سۇلالىسىنىڭ ئەمىرلىرىدىن سەييىت ھەسەن ئەردەشىر ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە ئېلىپ ئاتىدارچىلىق قىلغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ھىراتقا قايتىپ كەلگەن نەۋائىي ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. ئەمما نەۋائىينىڭ بايقارا بىلەن بولغان يېقىنلىقى سەۋەبىدىن ئەبۇ سەئىد مىرزا ئۇنىڭغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغان، ھەتتا ئىككى تاغىسىنىمۇ (كابىلى ۋە غەرىبى) ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. ئۇ يەردە ئامان قالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن نەۋائىي سەمەرقەندكە كېتىپ، ئوقۇشىنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇرغان، ئۇ يەردىمۇ ۋالىي ئەھمەت ھاجىبەگ تاش قاتارلىق بەزى كىشىلەردىن ياردەم كۆرگەن.

نەۋائىي ھىرات بىلەن سەمەرقەند ئارىسىدا كۆپ قاتنىغان. بۇ شەھەرلەردە قانچە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن ئەردەشىرگە يازغان نەزمىلىرىدىن ئۇنىڭ ھىراتتا سائادەت ئىچىدە ياشىيالمىغانلىقى، ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى ۋە ئادالەتسىزلىكتىن شىكايەت قىلغانلىقى مەلۇم.

سەمەرقەند بىلەن ھىرات نەۋائىينىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىككى شەھەردۇر. ئەلىشىر نەۋائىي سەمەرقەندتە ناھايىتى كۆپ شائىرلار بىلەن تونۇشقانلىقىنى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك شېئىرلىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن③.

1469-يىلى نەۋائىينىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش بولغان بىر يىلدۇر. ھىراتتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەبۇ سەئىد قاراقويۇنلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئاققويۇنلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئەزەربەيجانغا يۈرۈش قىلغان. ئۇ قىشنى قاراباغدا ئۆتكۈزگەن. لېكىن شەھەردە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ قوشۇنى تارقىلىپ كەتكەن، ئۆزىمۇ قېچىشقا ئۇرۇنغاندا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ھۈسەيىن بايقارا 3-ئاينىڭ 23-كۈنى ھىراتنى قولغا كىرگۈزۈپ خۇراسانغا ھاكىم بولغان. ئۇ چاغدا ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەمەرقەندتە ۋالىي ئىدى. نەۋائىيمۇ مۇشۇ شەھەردە ئىدى. بايقارا سۇلتانغا مەكتۇپ يېزىپ دوستى نەۋائىينى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. شۇنىڭ بىلەن نەۋائىي ھىراتقا كەلگەن ۋە تۇنجى رەسمىي ۋەزىپە سۈپىتىدە مۆھۈردارلىق ئەمەلى بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائىي تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. دائىم ئەقىلگە، پىداكارلىققا ۋە سەۋرگە تايىنىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان، خەلقنىڭ ئارىسىغا چۆككەن. ئەلىشىر نەۋائىي ناھايىتى كەمتەر، ۋاپادار بولۇپ، دوستلىرىغا ھېچقاچان ساتقىنلىق قىلمىغان. دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاندا ھەر خىل تىپلار بىلەن ئۇچراشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسەتنىڭ بارلىق ئويۇنلىرىغا قەتئىي ئارىلاشمىغان. تۈرلۈك يولسىزلىقلارنىڭ، تۆھمەت ناھەقچىلىكلەرنىڭ خەلقنى جېنىدىن تويۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلغان. بۇ كۈرەش ئۇنى خەلقنىڭ نەزەرىدە رىۋايەتلەشتۈرگەن، لېكىن نۇرغۇن كىشىنى ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرغان. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىيغا تولۇق ئىشەنگەن ھەم ئۇنى شۇ دەرىجىدە ئۆزىگە يېقىن تۇتقان ئىدىكى، 1479-يىلى ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى مىرزا ئەبۇ بەكرى ئەستەرباتتا ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ھۈسەيىن بايقارا ئۆزىنىڭ ئورنىغا نەۋائىينى نائىپ قىلىپ تەيىنلىگەن. نەۋائىيمۇ بۇ ۋەزىپىگە ھەر ۋاقىت لايىق كەلگەن. ھۆكۈمدارلىق سەلتەنىتىنى سۈرۈۋاتقان ھۈسەيىن بايقارانىڭ يېنىدا تۇرغان چاغلىرىدا ئۇنى ھەر ۋاقىت يامان ئەھۋالغا

قېلىشتىن ساقلىغان. لېكىن بەزىدە ھۇسەيىن بايقارانىڭ
ئىككى يۈزلىمچى سىياستى سەۋەبىدىن بەزى ئاپەتلەر-
نىڭ ئالدىنى ئالالمىغان. ھېرات سارىيىدا مىرزا مۇزەففەر
ھۇسەيىننىڭ ئانىسى خەدىچە بېگىم ئۆز ئوغلىغا سەلتەنەت-
نىڭ يوللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن نىزامۇلمۇلك بىلەن ئېلە-
شىپ مىرزا مۇھەممەد مۆمىننى ئۆلتۈرگۈزگەن. 1498 -
يىلى نىزامۇلمۇلكمۇ ئوغۇللىرى ۋە قول ئاستىدىكىلىرى
بىلەن بىرگە ھەپسىگە ئېلىنغان، كېيىن زىندانىنىڭ دەرۋا-
زىسىغا ئېسىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن.

نەۋايى بۇ ۋەھشىيلىك ۋە قۇتراتقۇلۇق تۈپەيلىدىن
ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ، ھېراتتىن ئايرىلىپ مەشھەتكە
كەتكەن. ئۇ يەردىن سۇلتانغا مەكتۇپ يېزىپ ھەججە بې-
رىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنگەن. لېكىن نەۋايىنىڭ سا-
لامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشقان. 1500 - يىل 12 -
ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاستاباتتىن قايتقان ھۇسەيىن بايقارانى
قارشى ئېلىشقا چىققاندا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغالغان
نەۋايى 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاپات بولغان ④ .

نەۋايىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئاگاھ سىردىي لەۋەند
توغرا سۆزلىگىنىدەك، «ئۇ بىر كاتتا شائىر، يۇكسەك بىر
سەنئەتچى، تىلچى، مىللەت سۆيەر ۋە ھەقىقىي بىر مۇسۇل-
ماندۇر. ئۇ ساغلام خاراكتېرگە ئىگە، سۆز ۋە ھەرىكىتى
دۇرۇس، كەمتەر ۋە ۋاپادار بىر دوستتۇر»⑤ .

نەۋايىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقە-
لەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تەسىر قوزغىغان. زامانلارنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن رىۋايەتلىشىپ ۋە خەلقنىڭ خىيال كۈچى
بىلەن بېيىپ باشقا بىر چۈشەنچە ئارقىلىق ئېغىز ئەدەبىيا-
تىدا بىر نەۋايى كۇللىياتى بارلىققا كەلگەن.

نەۋايىنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر خەلق ھې-
كايىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە بۇ ھېكايىنىڭ بىر چاغا-
تاي شائىرىنىڭ ئەسىرىدىكى پارسچە ۋارىيانتىدىن رۇس
شەرقشۇناسى ئا. ئا. سېمېنوفنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ئار-
قىلىق خەۋەردار بولدۇق⑥ . ئابدۇلقادىر ئىناننىڭ
بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، سېمېنوف ئوقۇغۇچىلىرى
بىلەن بىرلىكتە تاشكەنتتىكى كىتاب بازىرىدا پارسچە تې-
كىستلەرنى سېتىۋالغان چاغدا، قالايمىقان تۈپلەنگەن ۋە
تۆرلۈك ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان رىسالىلەر ۋە ماقا-
لىلەر ئارىسىدا «ئۇنۋانى يافتەن مىر ئەلىشىر» ناملىق بىر
قول يازما دىققىتىنى تارتقان. قول يازما پارسچە بولۇپ،
يەرلىك تاجىك شىۋىسىدا يېزىلغان. قول يازمىدا «ئەلىشىر

بىلەن گۈل» ھېكايىسىنىڭ پارسچە تەرجىمىسى بېرىلگەن.
ئىپادىلەش ئۇسۇلى پارسچە بولۇش بىلەن بىرلىكتە باغلە-
غۇچى شەكىللىرىنىڭ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «دىنىلايىگىز»،
«شىمدى سۆزۈ ۋەزىرىن گۈل ئادلى سەۋگىلىسىندەن ئە-
شىتىگىز» ياكى «ئىمدى دىنلەيىگىز» قاتارلىق جۈملىلەر-
نىڭ تامامەن ئۇيغۇر تىلدا بېرىلگىنىگە نەزەر تاشلانسا،
تېكىستنىڭ ئارگىنالى ئۇيغۇر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى
مەلۇم بولىدۇ. ھېكايىنىڭ تېمىسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر
خەلق چۆچەكلىرىدە كۆپ قوللىنىلغان مۇتىفلار بىلەن
تولغان. بۇنىڭدىن باشقا بۇ تېما ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمە-
نىستاندا رىۋايەت ۋە قىسسە سۈپىتىدىمۇ ئېيتىلىپ
كەلمەكتە⑦ . ئاناتولىيەدە ئاشۇ مۇتىفلارنى مەسەل ھالىتى-
دە ئۇچرىتىمىز. ئارخىپىمىزدىكى («ئەگە ئۇنۇۋېرستېتى
فىكرەت تۈركمەن ئارخىپى») دېگىزلىدىن توپلانغان بىر
مەسەلدە دېيىلىشىچە، بىر پادىشاھ داڭلىق بىر پالچىنى چا-
قىرتىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىش-
نى تەلەپ قىپتۇ. پالچى پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي «پادى-
شاھىم ئۆزلىرى مەن ئۆلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالەمدىن



M
I
R
A
S

ئۆتىدىلا» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ «بۇ پالچىنى ياخشى كۈتۈپ، قاتتىق قوغداڭلار، ئۇزاق ياشىشى ئۈچۈن نېمە كېرەك بولسا شۇنى قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قول يازمىدىكى «ئەلشىر بىلەن گۈل» دېگەن ھېكايىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: سۇلتان ھۈسەيىن تەختكە چىققان چاغدا قارشى ئۆلكىسىدىكى سەبزۋار بوز قىرىدا مىر ئەلشىر ئاتلىق بىر يىگىت چارۋىلىرى ئارىسىدىن ئەڭ سېمىز ۋە ئەڭ چوڭ 1000 قوينى تاللاپ بازارغا ساتقىلى ئاپىرىپتۇ. قويلارغا ناھايىتى كۆپ خېرىدار چىقىپتۇ، لېكىن مىر ئەلشىر «مەن بۇ قويلارنى بايلارغا ۋە قاسساپلارغا ساتمايمەن. نامراتلارغا نېسىگە ساتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلنىمۇ سۇلتان ھۈسەيىن ئۆلگەندە ئالىمەن» دەپ، قويلارنى نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مىر ئەلشىرنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سوراپتۇ. مىر ئەلشىر «مەندىن مۇشۇنداق غەيرىي شەرت بىلەن قوي ئالغانلار پۇلنى بېرىشنى خالىماي، سىزنىڭ سالامەت ۋە ئامان-ئېسەن ياشاپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزگە دۇئا قىلىدۇ ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يىگىتنىڭ بۇ جاۋابىدىن سۇلتان بەكلا سۆيۈنۈپ، ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شەھەر سىرتىدىنمۇ چوڭ بىر سۇيۇرغاللىق يەر ھەدىيە قىپتۇ. مىر ئەلشىر شەھەر سىرتىدا ئولتۇراقلىشىپ، ھەركۈنى شۇ يەردىن ئىشقا بېرىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى يول بويىدىكى بىر ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرغان ناھايىتى گۈزەل بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. قىزنى دادىسىدىن سورىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پەنجىرىدىن قاراپ تۇرغان گۈلنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە مىر ئەلشىرنىڭ لايىقى ئىكەنلىكىنى ئۇقماستىن ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. سۇلتان ئوۋدىن قايتىپلا بۇ قىزنى ئۆزىگە سورىتىش ئۈچۈن مىر ئەلشىرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. مىر ئەلشىر ھېچنېمە دېمەستىن سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، قىزنى سۇلتان ھۈسەيىنگە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قىز لايىقى بارلىقىنى ئېيتىپ تەلەپنى رەت قىپتۇ. مىر ئەلشىر «مەن سۇلتانغا بولغان ساداقىتىم ۋە ئاش-تۇزىنىڭ ھەققى ئۈچۈن مۇھەببىتىمدىن ۋاز كەچتىم» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز يېڭى تەكلىپنى شەرتلىك قوبۇل قىپتۇ. گۈلنىڭ شەرتى بولسا مىر ئەلشىر ئۇنىڭ يازغان خېتىنى بازاردىكى دورىگەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، دورىگەرنىڭ بەرگەن نەرسىسىنى گۈلگە يەتكۈزۈش ئىكەن.

مىر ئەلشىر قىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ يازغان ئىككى پارچە خەتنى دورىگەرگە تاپشۇرۇپتۇ. دورىگەر تەلەپ قىلىنغان دورىلارنى ھازىرلاپ مىر ئەلشىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ، مىر ئەلشىر ئۇنى قىزغا يەتكۈزۈپتۇ. گۈل دورىنىڭ بىرىنى مىر ئەلشىرگە سۇنۇپ ئۇنى ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ. قالغان دورىنى ئۆزى ئىچىۋېتىپتۇ. گۈل مىر ئەلشىرگە قاراپ «سۇلتانغا ئېيتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن» دەپتۇ ۋە مىر ئەلشىردىن مەيۇسلەنگەن ھالدا «ئىچكەن دورىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟» دەپ سوراپتۇ. كېيىندىنلا «ئىچكەن دورىڭىز سىزنى ئەۋلادسىز ئادەمگە ئايلاندۇردى، مېنىڭ ئىچكەن دورام 40 كۈندىن كېيىن جېنىمنى ئالىدۇ» دەپتۇ.

مىر ئەلشىر يىغلىغان پېتى ئوردىغا كېلىپ سۇلتانغا قىزنىڭ توي تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. گۈل سۇلتاندىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈپ، «ئالەمنىڭ پادىشاھى! قولىڭىز سىزدىن تۆشەككە كىرىش ئۈچۈن 40 كۈن سەۋر قىلىشىڭىزنى ئىلتىجا قىلىدۇ» دەپتۇ، سۇلتانمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

مىر ئەلشىر ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان سۆيگۈنىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاش، ۋەسىيىتى بولسا ئورۇنداش ھەم ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن گۈل بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىپتۇ. مىر ئەلشىر ئايالچە ياسىنىپ گۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ ۋەسىيىتىنى ئاڭلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئوۋدىن قايتقان سۇلتان ھەرەمخانىغا كەپتۇ. ھولۇقۇپ كەتكەن كېنىزەكلەر مىر ئەلشىرنى يوغان بىر قازانغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىتقا ئاش پىشۇرىدىغان بۇ قازاننى ئىككى مۇلازىم كۆتۈرۈپ سىرتقا چىققاندا، سۇلتان ئىتنىڭ ئېشىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ قازاننىڭ تۇۋۇقىنى ئېچىپتۇ ۋە مىر ئەلشىرنى كۆرۈپ ھېچنېمە دېمەيلا تۇۋاقنى يېپىپ قويۇپتۇ. مىر ئەلشىر سىرتقا چىققاندىن كېيىن مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن مەملىكەتنى تەرك ئەتمەكچى بوپتۇ. ئاۋۋال ئۆيىگە، ئاندىن كېيىن بىر خانىقاغا بېرىپ، بىر دەرۋىش بىلەن كىيىم ئالماشتۇرۇپتۇ ۋە خوشلىشىپ مەككىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامۇ گۈلنى ناھايىتى ئازابلىق ھالدا كۆرۈپ سارىيىغا قايتىپتۇ ۋە سىردىشى، جان دوستى

مىر ئەلشىرنى يېنىغا چاقىرماقچى بوپتۇ. مىر ئەلشىرنىڭ
بىر دەرۋىش بىلەن كىيىم ئالماشتۇرۇپ مەككىگە كەتكەنـ
لىكىنى ئۇققان سۇلتان «دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ
ھەجگە بېرىشنىڭ نېمە پايدىسى بار، دەرھال قايتىپ دوسـ
تۇڭنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەر» دەپ بىر مەكتۇپ يېزىپ،
ئۇنى چاپارمەنلەرنىڭ بىرىگە تۇتقۇزۇپ مىر ئەلشىرنىڭ
ئارقىسىدىن ماڭدۇرۇپتۇ. بىر مەنزىلدىن كېيىن چاپارمەن
مىر ئەلشىرگە يېتىشىۋېلىپ مەكتۇپنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، مىر
ئەلشىر مەكتۇپنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بەكلا چارچاپ
كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاپارمەن ئۇنى
يۆدەپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ
يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ. ئەتىسى 40 كۈن تويۇپتۇ. سۇلتان
چاھارباغقا چىقىپ بىر گەمىگە كىرىۋېلىپ توختىماي يىغلاپـ
تۇ. ئاخىر گۈل جان ئۈزۈپتۇ. مىر ئەلشىر خەۋەر يەتكۈـ
زۈش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. سۇلتان گەمىدە
تۇرۇپ مىر ئەلشىرگە «سەرۋىنىڭ سايىسىدا سولدى گۈل
نە ئەتمەك كېرەك» دەپ نەزمىلىك بىر سوئال قويۇپتۇ.
مىر ئەلشىرمۇ «سەرۋىدىن تابىت ياساپ گۈلدىن كېپەن
ئەتمەك كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. گەمىدىن چىققان
سۇلتان بىلەن مىر ئەلشىر بىر-بىرىگە ئېسىلىپ يىغا-زارە
قىلىشىپ ئوردىغا قايتىشىپتۇ. گۈلنىڭ مېيىتىنى دەپنە قىپتۇ.
مىر ئەلشىرمۇ گۈلنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۆمرىنىڭ ئاخىـ
رىغىچە ھەر جۈمە كۈنى گۈلنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ قاتىھە
ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئىككى بۈيۈك شەخسىنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنى چۈشەنـ
دۈرىدىغان بۇ ھېكايە بىلەن يەنە بۇ ئىككى شەخسنىڭ ھەـ
قىقىي ھاياتى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش تەرەپلەرنىڭ بولغانلىـ
قى شۈبھىسىزدۇر. مىر ئەلشىرنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى
نۇرغۇن سائادەتلىك تاسادىپىيلىقلار بار. بۇ ھېكايىدىمۇ
ئاشۇ تاسادىپىيلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئەلشىر نەۋايى ھاياتىدا
ئۆيلەنمىگەن، شۇڭا ئەۋلادى قالمىغان. ھەتتا ئۆيىدە
ئايال خىزمەتچىمۇ تۇرغۇزماي يالغۇز ياشاپ ئۆتكەن. دوـ
رىنىڭ مىر ئەلشىرنى ئەۋلاد قالدۇرالمايدىغان ھالەتكە
چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ھەققىدىكى مۇتىف بىلەن بۇ ئەمەلـ
يەت ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە بىر مۇناسىۋەت بولۇشى
مۇمكىن⑧. پېرتېف نائىلى بوراتاقمۇ بۇ ھېكايە بىلەن مۇـ
ناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

بوراتاق كارىستا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىلـ
دە ئاشىك مۇدامىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئادەتتىكى بىر ئەسكەر
ئىدى. بوراتاق «گۈل بىلەن ئەلشىر» ھېكايىسىنى ئاشىككا
ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئاساستا بىر خەلق ھېكايىسى
تەسنىف قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئاشىك قىسقىغىلا ئىككى
كۈن ئىچىدە بۇ تېمىنى بىر خەلق ھېكايىسىگە، تېخىمۇ توغرىـ
سى «ئېچىنىشلىق بىر قەسسە»گە ئايلاندۇرغان⑨.

ئەلشىر نەۋايىنىڭ تىلىمىزغا قىلغان خىزمەتلىرى، ئەـ
دەبىياتىمىزغا قوشقان يېڭىلىقلىرى ۋە مىللىي ئېڭى قاتارلىق
مەسىلىلەر ھەر خىل نۇقتىدىن ئايرىم-ئايرىم تەتقىقاتلارنىڭ
تېمىسىغا ئايلاندى. يەنى ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولدى⑩.

ئۇ ئۆمۈربويى ئانا تىلىنى سۆيگەن، ياشلىقىدا
دەۋرنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇنلىشىپ پارسچە شېئىر يېزىشـ
نى سىناق قىلغان. لېكىن ئۆزىنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئېيتقانـ
دا، «بىرئاز چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىغان ۋاقتىمدا ئۇلۇغ
تەڭرى كۆڭلۈمگە گۈزەللىك ۋە نازۇكلۇق ھېسلىرىنى
سالدى. تەبىئىتىم ئاددىيلىق ۋە خاراكتېرى يوق نەرسىلەرـ
دىن قېچىپ، ياخشى ۋە گۈزەلنى سۆيۈشكە بۇيرۇتتى. شۇ
چاغدا ئانا تىلىم ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئانا تىلىمـ
نىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگىنىمدە ئۇن
سەككىز مىڭ ئالەمدىنمۇ چوڭ بىر ئالەم كۆرۈندى. بۇ ئاـ
لەمنىڭ گۈزەللىككە تولغان چەكسىز ئاسمىنى توققۇز
قەۋەت ئاسماندىنمۇ ئېگىز ئىدى. ئانا تىلىمنىڭ چەكسىز
ساھەلىرىدە تەپچىپ تۇرغان ئاتلىرىمنى چاپتۇردۇم»⑪
دېيىش ئارقىلىق دىققىتىنى ئانا تىلغا قاراتقان. بىر تەرەپـ
تىن تۈيغۇ ۋە تەپەككۇرلىرىنى خەلق چۈشىنىدىغان ئانا
تىلى بىلەن ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەقىللىق ۋە
كەمتەرلىكى بىلەن خەلقىنىڭ ھۆرمەت ۋە سۆيگۈسىگە
نائىل بولغان، ھۆكۈمدارنىڭ دوستى بولۇش سۈپىتى
بىلەن مۇھىم ئورۇندا ئولتۇرغان بىر دۆلەت خادىمى سۈـ
پىتىدە ناھايىتى ئېتىبارلىق ۋە مۆلۈكدار كىشىگە ئايلانـ
غان. لېكىن ھەم ئېتىبارىنى، ھەم بايلىقىنى ئۆز ئارزۇيى
ئۈچۈن قوللانغان ئەمەس. مەسىلەن، ئەلشىر نەۋايى
1472-يىلى ئەمىر بولدى. تۆرە ئەنئەنىسى بويىچە قەبىلە
بەگلىرى دىۋاندا ئۆزىنىڭ قاتىرى بويىچە ئورۇن ئالاتتى،
مۆھۈرلىرىنىمۇ بۇ تەرتىپ بويىچە باساتتى. ئۇيغۇر قەبىلـ
سىنىڭ ئورنى باشقا قەبىلىلەردىن تۆۋەن تۇرسىمۇ، ئەلـ
شىر نەۋايى يېڭى ۋەزىپىسىنى باشلىغان چاغدا پادىشاھقا
يېقىنلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئەنئەنىگە قارىماي مۆھۈر بېسىش
ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىگە سۇنۇلغان پەرمانىنى سەييىت ئەرـ
دەشىرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشنى ئۆتۈنگەن. سەييىت پەرمانغا

ئىمزا قويۇشتىن باش تارتقاندا، ئۇ ھېچبىر كىبىرلىك
قىلماي مۆھۈرنى پەرمانىنىڭ ئەڭ ئاستىغا باسقان[12]. نەۋا-
يىنىڭ بۇ چۈشەنچىسى ۋە كەمتەرلىكى قالتىس ئالقىشلان-
غان. شۇنىڭدەك ئېرىشكەن كۆپ بايلىقىنىمۇ مەملىكەتنى
گۈللەندۈرۈشكە، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ۋە خەير-ساخا-
ۋەت قۇرۇلمىلىرىغا خەجلىگەن. كۆۋرۈك، كارۋان ساراي،
كۇتۇپخانا، مەدرىس، خانىقا، شىپاخانا ۋە ھاممام قاتارلىق
ناھايىتى كۆپ قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرغان ۋە بۇلارغا
كۆپ ۋەخپە ئاجراتقان[13]. مانا بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى
خۇسۇسىيەتلەر ئۇنى خەلقنىڭ نەزەرىدە ئەپسانىلەشتۈ-
رۈپ، ئۇ توغرىسىدا تۈرلۈك رىۋايەت ۋە قىسسەلەرنىڭ
توقۇلۇشىغا سەۋەب بولغان.

بۇ ھېكايىلەر ئارىسىدا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ سۇلتان
ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى ۋە كەچۈرمىش-
لىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تىپلار ئارقىلىق ئەلى-
شىر نەۋايى «مىر ئەلى» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر تىپ يا-
راتقان. ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن كىشى سۇلتان سۆيۈن
(ھۇسەيىن بايقارا)دۇر. شۇنداق قىلىپ مىر ئەلى بىلەن
سۇلتان سۆيۈن ئىككىسى بەزىدە خەلىققە، بەزىدە ۋەزىر-
لەرگە ۋە بەزىدە بىر-بىرىگە ئەقىل ۋە مەنتىقە يوللىرىنى
كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋەقەلىكلەرنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ.
ياكى شۇخىل ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھېكايىلەر
مىر ئەلى غەلىبە قىلىپ شېرىكىگە ساۋاق بېرىش بىلەن نەتى-
جىلىنىدۇ. خەلق تەسەۋۋۇرى بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ بەزىلىرى-
نى خوجا نەسىرىدىندىن، بەزىلىرىنى بەھلۇل دانادىن
ئېلىپ، ئۇنى مىر ئەلىگە يۆكلىگەن ۋە خوجا نەسىرىدىننى
مىر ئەلى ئورنىدا سۆزلەتكەن. داستانىي ئەسەرلەردە تونۇل-
غان ياكى تونۇلۇشقا باشلىغان قەھرىمان ئۆزىدىن بۇرۇن
مەشھۇر بولغان ياكى ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان قەھرىمانلارغا
ئائىت ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ يەردىمۇ
مىر ئەلىنىڭ شۆھرىتىنىڭ بىر مۇنچە يەردە خوجا نەسىرىدى-
دىن ھالقىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆ-
زىگە تارتقانلىقى تەتقىق قىلىنغان. مەسىلەن، تۈركمەن
«يۇمۇرلار» كىتابىدىكى «كىم ھەقلىق» دېگەن ماۋزۇدا
بېرىلگەن يۇمۇردا مۇنداق سۆزلىنىدۇ: «بىر كۈنى سۇلتان
سۆيۈن خۇراسان تاغلىرىغا چىقىپ توختاپ قالغىلى تاس
قاپتۇ. كېيىن لەتىپىگە ئايلىنىپ قالسۇن دېگەن مەقسەتتە
كىم بۇ تاغنىڭ ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلانماي، يەنى ئو-
تۇنلىرىنى قالىماي تۇرۇپ قەھرىتان قىشتا 40 يوتقانغا يۆ-
گىنىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزەلىسە ئۇنىڭغا بويىنىڭ ئېغىرلى-
قىغا تەڭ كېلىدىغان ئالتۇن بېرىمەن» دەپ ئېلان چىقى-
رىپتۇ. نۇرغۇن كىشى سىناپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھەم-
مىسى توڭلاپ ئۆلۈپتۇ. ئاخىرىدا مىر ئەلىمۇ بۇنىڭغا قاتنى-
شىشنى تەلەپ قىپتۇ. سۇلتان سۆيۈن بۇ سادىق دوستىدىن
ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماپتۇ. مىر ئەلى نىيىتىدىن يانماپتۇ.
ئۇ 40 يوتقاننىڭ 39 نى ئاستىغا سېلىپ يېتىپتۇ. ئەتىسى
ئەتىگەندە ساق-سالامەت ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتان سۆ-
يۈننىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. سۇلتان سۆيۈن ھەيران
قېلىپ، ئۇنىڭدىن «راست گەپ قىل كېچە ياتقان ۋاقتىڭدا
ئوت كۆردۈڭمۇ» دەپ سوراپتۇ. مىر ئەلى «غەرب تەرەپ-
تە بىر شولىنى كۆردۈم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلتان
«سەن شۇ ئوت بىلەن ئىسسىنىپسەن، شەرتلىرىمگە كۆنمە-
دىڭ» دەپ ۋەدە قىلغان ئالتۇننى بەرمەپتۇ. ئارىدىن بىر
مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سۇلتاننىڭ مىر ئەلىگە ئېھتىياجى
چۈشۈپ، ئادەملىرىدىن بىرىنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە
ئەۋەتىپتۇ. مىر ئەلى «سۇلتانغا سالام ئېيتقىن. مىر ئەلى چەي-
نەككە ئوت يېقىپ قويۇپتۇ. چەيىنى ئىچىپ بولۇپلا كېلىدى-
غان بولدى دېگىن» دەپتۇ. سۇلتان خېلى ۋاقىت ساقلاپ
بېقىپ يەنە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مىر ئەلى ئۇنىڭغىمۇ شۇ خىل
جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىر سۇلتاننىڭ ئۆزى بېرىپتۇ. قارىسا
چەينەك ئوتتىن ئۈچ قەدەم يىراق يەرگە ئېسىقلىق تۇرغى-
دەك. ئاچچىقى كەلگەن سۇلتان «ئەي ئەخمەق، ئوتتىن
شۇنچە ئۇزاق يەردىكى چەينەك قانداق قىزىيدۇ ؟» دەپتۇ.
مىر ئەلى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي «سۇلتانىم كۈن پاتقان
يەردىكى ئوتنىڭ شولىسى مېنى ئىسسىتقان يەردە ئۈچ قە-
دەملىك يەردىكى چەينەك قىزىماسمۇ ؟» دەپتۇ. شۇنداق
قىلىپ مىر ئەلى ئاخىر ئالتۇنغا ئېرىشىپتۇ[14].

مىر ئەلى بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن ئوتتۇرىسىدا يۈز
بەرگەن بۇ خىل ھەجۋىي تىپلار بەزىدە لەتىپە شەكلىدە،
بەزىدە ساتىرىك خۇسۇسىيەتتە ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ
سۇلتان ۋەزىرلىرىنى سىناپ كۆرۈش، ئۇلارغا دۆلەت
باشقۇرۇشتا ھەسەتخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە ساختىپەز-
لىك قىلماسلىق ھەققىدە دەرس بېرىش ئۈچۈن مىر ئەلىنى
سۆزلىتىپ، ئۇنىڭ ئەقىل ۋە پاراسەتكە تولغان سۆزلىرى-
دىن ئىبرەت ئالدۇرغان. مەسىلەن، بىر كۈنى سۇلتان
بىلەن مىر ئەلىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ، سۇلتان
مىر ئەلىنى سارايدىن يىراقلاشتۇرۇپتۇ. مىر ئەلى دېھقانچى-
لىق قىلىپ ناھايىتى شېرىن قوغۇنلارنى تېرىپتۇ. مىر ئەلى

بۇ قوغۇندىن سۇلتانغا ھەدىيەلىك سۇنسا ئۇنىڭ خۇشال بولۇپ ئۆزىگە ئىلتىپات كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىر ئېشەككە بىر مۇنچە قوغۇننى ئارتىپ ئوردىغا بېرىپتۇ. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرئەلىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تونۇشلۇق بەرمەسلىك ئۈچۈن نۆۋەتچىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئۇنى قارشى ئاپتۇ ۋە ئۇمۇ سۇلتانغا قوغۇن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. نۆۋەتچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان سۇلتان «سەن ئۇ قوغۇنلارنى نېمە قىلىسەن. بازارغا ئاپىرىپ ساتقىن، بەلكىم تۆت-بەش تەڭگە پۇل تاپىسەن» دەپتۇ. مىرئەلى «سۇلتان قوغۇنىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىپ ياقتۇرمىسا نېمە قىلسا مەيلى» دەپتۇ. ئاخىرىدا ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى تونۇپتۇ. سۇلتان مىرئەلىنى ناھايىتى كۆپ پۇل بىلەن تارتۇقلاپتۇ. ۋەزىرلەر بۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، «سۇلتانىم قوغۇنغا بۇنچە كۆپ پۇل بېرىشكە ئەرزىمدۇ؟» دېگەنىكەن. سۇلتان «مەن ئۇ پۇلنى قوغۇنغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەقلىگە ۋە قىلغان سۆزىگە بەردىم» دەپتۇ. ۋەزىرلەر «سۇلتانىم ئۇنداق بولسا بىزمۇ گەپ قىلايلى، بىزگىمۇ بەرسىلە» دەپتۇ. سۇلتان «سۆزدە بەسلىشىپ مىرئەلىنى يېڭىۋېلىڭلار، ئاندىن گېپىڭلارنى قىلىڭلار» دەپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. بىرىنچى بولۇپ سۆز ئاچقان ۋەزىر مىرئەلىدىن دۇنيانىڭ مەركىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. مىرئەلى خوجا نەسىردىن لەتىپىلىرىدە كۆرۈلگىنىدەك «ئېشىكىمنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ ئاستىدا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر «سەن قانداق بىلىسەن، ئىشەنمەيمەن» دەپتۇ. مىرئەلى «ئۇنداق بولسا ئۆلچەپ باق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر ئاغزىنى ئاچالماي تۇرۇپ قاپتۇ. ئەينى شەكىلدە ئىككىنچى بولۇپ سوئال قويغان ۋەزىرمۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى سوراپتۇ. مىرئەلى «يۇلتۇزلارنىڭ سانى ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقىدىكى تۈكىنىڭ سانى بىلەن تەڭ، ئىشەنمىسەڭ ساناپ باق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۈچىنچى بولۇپ سوئال قويغان ۋەزىر «ئاسماندىكى ئاق خوراز نېمە دەپ قىچقىرىدۇ» دەپ سوراپتۇ. مىرئەلى بىردەم ئويلىنىۋېلىپ «سەن ئاتنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا ئاڭلىيالمىدىڭ، مەن يەردە تۇرغاچقا ئاڭلىيالمىدىم» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر «سەن كېلىپ ئاتقا مىنىپ ئاندىن جاۋاب بەر» دەپتۇ، مىرئەلى ۋەزىرنىڭ ئېتىغا مىنىپ بىردەم ئاڭلىغان قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. ئاندىن سۇلتان ھۇسەيىنگە قاراپ «ئاق خوراز ئات مىرئەلىنىڭ، ئېشەك ۋەزىرنىڭ دەپ قىچقىرىۋاتىدۇ» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ سۇلتان كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە «قېنى ئېتىڭغا قامچا ئۇر» دەپتۇ⑮.

بىر قېتىملىق سۆھبەتتە سۇلتان مىرئەلىدىن «دۇنيادا چىۋىن يوق يەر بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. مىرئەلى «ئادەم بولمىغان يەردە چىۋىنمۇ بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلتان كۆڭلىدە بۇ قېتىم مىرئەلىنى گەپتە يېڭىۋالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ ۋە «قېنى ئاتقا مىنگىن» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئۇلار ئادەمزات يوق بىر چۆلگە بېرىپ، بىر يەردە ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چىۋىن ئۇچۇپ كېلىپ سۇلتاننىڭ يۈزىگە قونۇپتۇ. پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلىغان سۇلتان «ھوي، ئادەم بولمىغان يەردە چىۋىنمۇ بولمايدۇ دېگەنتىڭ، مانا بۇ يەردە چىۋىن بار ئىكەنغۇ» دەپتۇ. مىرئەلىمۇ دەرھال «بىز ئىككىمىز ئادەم ئەمەسمۇ سۇلتانىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ⑯.

ئەينى شەكىلدە ئۆزبېكلەر ئارىسىدىمۇ ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بالىلىقىدىن تارتىپ پۈتكۈل ھاياتى، شائىرلىقى ۋە تەخەللۇس ئىشلىتىشى ھەققىدە بىر مۇنچە رىۋايەتلەر تارقالغان. يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىتابتا بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك 54 پارچە رىۋايەت بېرىلگەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاغزاكى ئەنئەنىلەردىن توپلانغان، كىتابنىڭ ئاخىرىدا مەنبەلەر تونۇشتۇرۇلغان. تۆۋەندە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن تەخەللۇس ئىشلەتكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان «ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل» دېگەن بىر رىۋايەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بۇرۇنقى زاماندا غىياسىددىن كىچىككىنە دېگەن كىشىنىڭ ئەلىشىر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ خېلىلا ئەقىللىق بىر بالا ئىكەن. ئەلىشىر توققۇز ياش چېغىدىلا شېئىر يېزىشقا باشلاپتۇ ۋە شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا تارقىلىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئەلىشىر ئۆزىگە يەنىلا مۇۋاپىق بىر تەخەللۇس تاپالماپتۇ.

بىر كۈنى ئەلىشىر يېڭى بىر شېئىر يېزىپ، باغدا ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا باغدىكى بىر دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇقلۇق تۇرغان بىر بۇلبۇل ئەلىشىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. بۇلبۇل شۇ ھامان ئۇچۇپ كېلىپ ئەلىشىرنىڭ مۈرىسىگە قونۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا «ئەي خۇش ئاۋازلىق شائىر سېنىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرىڭ بۇلبۇلنىڭ تاڭدىكى نەۋاسىدىنمۇ بەكرەك يېقىملىق ئىكەن، ماڭا ئىسمىڭنى ئېيتىپ بېرەمسەن» دەپتۇ. ياش شائىر ئىسمىنىڭ ئەلىشىر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇلبۇل

ئەلىشىرگە «چۈشەندىم سەن يېڭىدىن يېتىشكەن شائىرلاردىن ئىكەنسەن. سەن ئەمدى ئۆزۈڭگە چىرايلىق بىر تەخەللۇس ئىشلەتكىن. بۇنىڭدىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىڭنىڭ ئاخىرىغا تەخەللۇسىڭنىمۇ يازغىن» دەپتۇ.

بۇلبۇلنىڭ ئاغزىدىن چىققان «نەۋا» سۆزى ئەلىشىرنىڭ قۇلىقىغا بەكلا خۇش يېقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلىشىر يازغان غەزەللىرىنىڭ ئاخىرىغا دائىم «نەۋايى» دېگەن تەخەللۇسنى يازىدىغان بوپتۇ⑰.

چوڭقۇر ۋە ئاڭلىق مىللەت سۆيگۈسى ۋە يېتەكچىلىكى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسىرلەر بويى داۋام قىلغان تەسىرلەرنى قالدۇرغان نەۋايى كىشىلىك مۇناسىۋىتى، ئىنسانىي قەدىر-قىممىتى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغان. خەلق ئۇنىڭ خاتىرىسىنى خالىغان يەرگە ئېلىپ بارغان. توي-تۆكۈنلەرنى نەۋايى سەنئىتى بىلەن قىزىتقان. ئەقىل ۋە پاراسەتكە ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىدىن دەرس ئالغان. خەلق ئۇنىڭ خاتىرىسىنى داۋاملاشتۇرغاندا، ئۇنى بىردە ئوردىدا سۇلتان بىلەن دوست، بىردە قوغۇنچى دېھقان، بەزىدە خەلقنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى دەيدىغان شەخس، يەنى خەلقنىڭ تەرجىمانى سۈپىتىدە چۈشەنگەن ۋە كۈنىمىزگىمۇ ئاشۇ شەكىلدە يېتىپ كەلگەن. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ۋاپاتىغا 500 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىدە ۋە خاتىرىسىدە جانلىق ساقلىنىپ كېلىشىنىڭ سىرىمۇ دەل مۇشۇ كەمتەرلىكىدۇر، بۇ دانىشمەنلىكتۇر.

ئىزاھلار:

① پىروفېسسور، دوكتور م. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «ئەلىشىر نەۋايى» (1441-يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى — 1501-يىلى 3-قانۇنى ئەۋۋەل)، ئىستانبول، مائارىپ مەتبەئەچىلىكى، 1941-يىل (شائىرنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە تارىخ قۇرۇمىدا بېرىلگەن كونفرانسنىڭ تېكىستى).

② ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئەلىشىر نەۋايى»، 1-توم (ھاياتى، سەنئىتى ۋە كىشىلىكى)، 29-، 40-بەتلەر، تۈركىيە تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1965-يىل.

③ ئاگاھ سىررى لەۋەند، يۇقىرىقى ئەسەر، 32-بەت.

④ ئاگاھ سىررى لەۋەند، يۇقىرىقى ئەسەر، 32-بەت.

⑤ ئاگاھ سىررى لەۋەند، يۇقىرىقى ئەسەر، 241-بەت.

⑥ ئا. ئا. سېمېنوف: «مىر ئەلىشىر ھەققىدە پارسچە بىر ھېكايە»، ئابدۇلقادىر ئىنان تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان. «ئۈلكۈ» مەجمۇئەسى، 16-سان، 1941-يىلى، فېۋرال. ئابدۇلقادىر ئىنان: «ماقالىلەر ۋە تەرجىمىلەر»، 207-، 216-بەتلەر، 1987-يىلى، ئەنقەرە.

⑦ «ھەززىتى مىر ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدە رىۋايەتلەر»، توپلىغۇچى ۋە نەشرگە تەييارلىغۇچى مەھمەتگۇل جورايېف، 1991-يىلى، تاشكەنت، چولپان نەشرىياتى، 11-بەت. ئاشۇ ئەسەرنىڭ ئەزەرىچە نۇسخىسى، 1994-يىلى، باكۇ. رىۋايەتلەرنىڭ تۈركمەن ۋارىيانتى ئۈچۈن «يۇمۇرلار، ساتىرالار، لەتىپىلەر، ئېيتىشىشلار ھەمدە كۈلكىلىك ھېكايىلەر»، ئاشخاباد مائارىپ نەشرىياتى، 1980-يىلى، 116-، 117-بەتلەر. «مىر ئەلى ھەققىدە رىۋايەتلەر» (بەردى قارباباييېفنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا خاتىرە). 1992-يىلى، ئاشخاباد. پ. ئاگالىيېف، ش. باتۇرۇف: «مىر ئەلى ۋە سۇلتان سۆيۈن»، ئاشخاباد، 1942-يىلى (29 رىۋايەت). ۋىكتورىن پوپوپ: «مىر ئەلى ۋە سۇلتان سۆيۈن»، «سوۋېت ئەدەبىياتى»، 1944-يىلى، 116-، 120-بەتلەر، رۇسچە.

⑧ ئا. ئىنان: «مىر ئەلىشىر ھەققىدە پارسچە بىر ھېكايە»، 205-، 208-بەتلەر.

⑨ پېرتېف ن. بوراتاف: «خەلق ھېكايىلىرى ۋە خەلق ھېكايىچىلىقى»، 229-، 247-بەتلەر، 1946-يىلى، ئەنقەرە، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى.

⑩ بۇ تېما ھەققىدە تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قارالسۇن. ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئەلىشىر نەۋايى»، 1-توم، 1963-يىلى، ئەنقەرە؛ 2-توم 1966-يىلى، ئەنقەرە؛ 3-توم، 1967-يىلى، ئەنقەرە؛ 4-توم، 1968-يىلى، ئەنقەرە. م. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «ئەلىشىر نەۋايى»، 1941-يىلى، ئەنقەرە.

⑪ ف. قەدرى تېمۇرتاش، يۇقىرىقى ئەسەر، 8-، 9-بەتلەر.

⑫ ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئەلىشىر نەۋايى»، 1-توم، 35-بەت.

⑬ ف. قەدرى تېمۇرتاش، يۇقىرىقى ماقالە، 7-بەت.

⑭ مەھمەتگۇل جورايېف، يۇقىرىقى ئەسەر (بۇ تېمىدىكى مەنبە ئۈچۈن 156-، 159-بەتلەردىكى مەنبەلەر قىسمىغا قارالسۇن). تۈركمەنىستاندىكى نەۋايى قىسسەلىرى ئۈچۈن «يۇمۇرلار، ساتىرالار، لەتىپىلەر، ئېيتىشىشلار ھەمدە كۈلكىلىك ھېكايىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 116-، 117-بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑮ «يۇمۇرلار، ساتىرالار، لەتىپىلەر، ئېيتىشىشلار ھەمدە كۈلكىلىك ھېكايىلەر»، 124-، 125-بەتلەر.

⑯ «يۇمۇرلار، ساتىرالار، لەتىپىلەر، ئېيتىشىشلار ھەمدە كۈلكىلىك ھېكايىلەر»، 118-، 119-بەتلەر.

⑰ «يۇمۇرلار، ساتىرالار، لەتىپىلەر، ئېيتىشىشلار ھەمدە كۈلكىلىك ھېكايىلەر» 126-بەت.

⑱ مەھمەتگۇل خورايېف، يۇقىرىقى ئەسەر.

(بۇ ماقالىنى تۈركىيە ئافيون كوجاتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىجتىمائىي بىلىملەر» ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى، 2002-يىل. 4-جىلد، 1-سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **يۇسۇپجان ياسىن ئۇرۇمچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى**)



# ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ۋە ياش ئاپتورلار

مەتسىلىم مەتقاسىم

ئەدەبىي ژۇرناللار ئەدەبىياتىمىزنىڭ رەڭدار گۈلشە-
نى. ئۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيەلەپ قاتارغا
قوشۇشتا ۋاسىتىلىك رول ئوينايدۇ، ھەر بىر ئەدەبىي
ژۇرنال ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن بىر ئالىي
مەكتەپ بولۇپ، ئۇ ئاپتورلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش
ھەم ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مەيدانىدۇر. ئىجا-
دىيەت قوشۇنىمىزغا نەزەر سالساق ئەدەبىياتىمىزدا كۆرۈل-
گەن ھەر بىر يېڭىلىق، ھەر بىر ھادىسلەر ئەك ئاۋۋال
ئەدەبىي ژۇرناللار ئارقىلىق ئەتراپقا تارقايدۇ، ئۇنىڭغا
ماس ھالدا تۈرلۈك ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى،
گۈللىنىشى ئەدەبىي ژۇرناللاردا تېز ھەم ئۈنۈملۈك روياپقا
چىقىدۇ، ئەدەبىي ژۇرناللار ئەدەبىياتىمىزنى زامانىنىڭ،
دەۋرنىڭ مەنىۋى تەلىپىگە ماس ھالدا يۈكسەلدۈرۈشىمىز-
دە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتى مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجا-
دىي كامالىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ، ئەدەبىي ژۇرنال مۇ-
ھەررىرلىرى ئەسەر تەھرىرلەش بىلەن بىللە، قېرىنداش مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋا-
لىنى ئېنىق ئىگىلەپ، شۇ ئاساستا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدە-
بىياتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىجادىي يوللىرى ئۈستىدە
ئىزدىنىشى، ئەدەبىياتىمىزنى كىتابخانلارنىڭ نۆۋەتتىكى مە-
نىۋى ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، ئىجادىي لا-
يىھەلەرنى تۈزۈشى كېرەك، جۈملىدىن ئەدەبىي ژۇرنال مۇ-
ھەررىرلىرىنىڭ زىممىسىگە ئەدەبىي ژۇرناللار ئارقىلىق ئە-
دەبىياتىمىزنى بېيىتىشتىن باشقا، مۇھىمى ژۇرنال ئەتراپىغا
ياش، تايانچ ئاپتورلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى تەربى-
يەلەشتىن ئىبارەت شەرەپلىك مەجبۇرىيەت يۈكلەنگەن.

ئەدەبىيات تارىخىمىزغا نەزەر سالساق بىر قىسىم ئا-
تاقلىق ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت تارىخىنى
ئەسلىگەندە «مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم X ژۇرنالدا ئېلان قى-
لىنغان، X مۇھەررىر مېنىڭ ئەدەبىي دىتىمنى بايقاپ ماڭا
ئىلھام بەرگەن» دېگەن سۆزلەرنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئې-
لىشىدۇ. ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت
يولىنى ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا
كۆڭلىدە غايىۋى ئۇستاز ھېسابلىغان مەلۇم بىر ئەدىبنىڭ
ئىجادىيەت يولىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولىغا ئۆرنەك قى-
لىدىغان ئىشلارمۇ بار.

ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ياش ئاپتورلار-
نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىز تىلغا
ئالغان غايىۋى ئۇستازلىقتىن پەرقلىنىدۇ، مۇھەررىرلەرنىڭ
ياش تايانچ ئاپتورلارنى تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلۈشى ئە-
مەلىيەتتە ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا
كۆڭۈل بۆلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىر پارچە ئەسەر ئە-
دەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى
دۇنياسىغا مۇئەييەن ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىش جەر-
يانىدا ئۇ ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېزىپ كەلتۈ-

روشى، كېيىن مۇھەررىرنىڭ تەھرىرلەپ پىششىقلاپ ئىشلەپ بېكىتىشى، ئاخىرىدا كوررېكتورنىڭ تۈزىتىشى قاتارلىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ ئەمگەكلەردە مۇھەررىرنىڭ ئاپتوردىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ئورۇنلىنىدىغان ئىجادىي ئەمگىكىدە ھېسسىيات ئامىلى ئەمەس، بەلكى ئەقلىي ئامىل ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. دېمەك، مۇھەررىرلەر ئەسەر تەھرىرلەشتە باشتىن-ئاخىر ئەقلىي پائالىيەت ئارقىلىق ئەسەرنىڭ قات-قېتىغا كىرىپ قىسقارتىدۇ، تولۇقلايدۇ. مانا مۇشۇ ئىجادىي جەرياندا مۇھەررىرلەر ياش تايانچ ئاپتورلارنى بايقاشنىڭ، مۇھىمى ئۇلارنى بىۋاسىتە تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ، بۇ مۇھىم پۇرسەتنى ئاز بىر قىسىم مۇھەررىرلەر ئاپتورلارنىڭ ئالدىدا كېرىلىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلسە، كۆپ ساندىكى پەزىلەتلىك مۇھەررىرلەر يېتىلىۋاتقان ياش ئاپتورلارنى، ھەۋەسكارلارنى يېتەكلەپ قاتارغا قوشۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىدۇ. بۇ خىلدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ قەلبى غۇبارسىز بولىدۇ، بۇ بەئەينى ئانىنىڭ سۈتىدەك پاك، مېھرىدەك تەمەناسىز، ئەجىر مېھنىتىدەك باھاسىز، پەرۋىشىدەك قىممەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەقەللىي سۈپىتى ئۆزىنى بېغىشلاش بولۇپ، ئۇ ھەر ۋاقىت باشقىلار ئۈچۈن، يەنى تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئاپتورلار ئۈچۈن، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا كىتابخانلار ئۈچۈن سەھنىنىڭ كەينىدە تىنىمسىز خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ شۇنچە دىل كۆيەرلىك بىلەن مېھنەت قىلىدۇكى قىلغان ئەمگىكىگە قىلچە مىننەت قىلمايدۇ. ئۆزگىلەردىن قىلچە نەپ تەمە قىلمايدۇ، ئۆز ئەمگىكىنىڭ خاسىيىتىنى قالتىس چاغلاپ تەكەببۇرلۇق قىلىپ رەستىلەردە غادايمايدۇ، ياش ئاپتورلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش مانا مۇشۇ خىل سۈپەتتىكى ئالىيجاناب مۇھەررىرلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، مېنىڭچە ھازىرقى باسقۇچتا ياش ئاپتورلارنى تەربىيەلەشتە تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

مۇھەررىرلەر ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى ئېنىق، توغرا بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىجادىيەتتە ئۇتۇق قازانغان ھەر بىر ئەدىبنىڭ ئىلگىرى ئىجادىيەتتە تەمتىرەپ مېڭىۋاتقان ھەۋەسكارلىق دەۋرى بولىدۇ، ئۇلارمۇ مەلۇم ئىستېداتلىق مۇھەررىرنىڭ ئۆزىنى بايقىشى، ئىجادىيىتىگە ئىلھام ۋە مەسلىھەت بېرىشى بىلەن تەدرىجىي كامالەت تاپقان بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا ئىجادىيەتكە يېڭىدىن كىرىشكەن ياش ئاپتورلار ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ پەرۋىشى بىلەن ئىلھامىغا ئىنتايىن موھتاج بولىدۇ، ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ياش ئاپتورلارنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي، ئۇلارنى يېتەكلەش بىلەن ئىلھام بېرىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، مۇبادا قېنىدا كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئەدەبىي بولىدىغان خۇرۇچ (تۇغما تالانت) تەل بولغان ياش ئاپتورلار مۇبادا مۇھەررىرلەرنىڭ پەرۋىشى بىلەن ئىلھامىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ساغلام يېتىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

مۇھەررىرلەر ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئادەتتە ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. جۈملىدىن ئۇلار مۇشۇ خىل قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە ئەسەر يېزىپ ئۆزىنى سىناپ باققۇسى كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق بىر ئاپتورنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرىدا ئىجاد قىلىشقا ماھىر بولۇشى ناتايىن، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇ بىر نەچچە تۈردە تەڭ يېتىلىشى مۇمكىن، شۇڭا مۇھەررىرلەر ئۇلاردىكى ئىجادىي خاسلىقنى ئالدىن بايقاپ، ئۇلار ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقىدا مۇئەييەن ئورنى بولغان ژانىرلاردا ئىجاد قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ قېنىدۇر، بۇ خىل قان بولمىسا ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسىرىنىڭ قىلچە ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى بولمايدىكەن، ئۇ ئىجادىيەت قوشۇنىدىن ھامان شاللىنىپ كېتىدۇ، ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي ھاياتىدىكى مۇشۇ زۆرۈر ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم.

ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھەررىرلەر ياش ئاپتورلارنى ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا يەكۈنلەش بىلەن بىللە، مۇھىمى ئۆزىگە خاس بولغان ئىجادىي يول ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم، بىزدە «ھەرقانداق ئەسەر ئاپتورنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدۇ» دېگەن ھېكمەت بار، ئۇ دەل ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقىغا قارىتىلغان. دېمەك ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى، خاسلىقىنى ئالدىن بايقاشقا ماھىر بولغاندىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تايانچلىرىنى يارامىلىق تەربىيەلەشتەك ئەڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

(ئاپتور: خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# كوسكو قەدىمكى شەھىرى



ھىندىيان مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى قورام تاشلىق قەلئە

كوسكو شەھرى پېرۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان كوسكو ئۆلكىسىدە بولۇپ، بۈگۈنكى كوسكو بولسا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ بۇرۇنقى پايتەخت خارابىسى ئۈستىدە قۇرۇپ چىققان شەھەر، قەدىمكى ھىندىيان مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىدۇر. ئۇ نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ھىندىيان خارابىسى بىلەن بارۇكچە ئىمارەتلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. 1983-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «مائارىپ، ئىلىم-پەن مەدەنىيەت مىراسلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ياۋروپالىقلار جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، جەنۇبىي ئامېرىكىلىق ھىندىيانلار ئەڭ قۇدرەتلىك ئاشۇ ھىندىيان پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ چىققان. ھىندىيانلىقلار ئۆزىنى قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەجدادلىرى دەپ قارايدۇ، ئۇلار جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ مەركىزىدىكى دىكاكا كۆلى ئەتراپىدا ياشاپ كۆپەيگەن.

ئومۇمىي قاراشلاردىن 12-ئەسىردە ھىندىيان قەبىلىسى كوسكو رايونىدا باش كۆتۈرگەن، 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ لۇڭپەنجى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھىندىيان تەخت قۇرغان (كېيىن پارچاقۇت دەپ ئاتالغان)، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەتراپتىكى رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېلان قىلغان. ھىندىيان تارىخچىلىرىنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، پارچاقۇت 1438-يىلىدىن باشلاپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان، بۇنىڭدىن ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كوسكو ئەسلىدە ھىندىيانلىقلارنىڭ قەدىمكى پايتەختى، شۇنداقلا ئۇلۇغ ھىندىيان مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىدۇر. ئۇنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 3400 مېتىر ئېگىز بولۇپ شەرقىي ئاندىس تاغ تىزمىسىدىكى مۇنبەت جىلغىغا جايلاشقان، شۇڭا ئۇنىڭ «ئاندىس تېغى تاجىسىدىكى گۆھەر» دېگەن نامى بار.

ھىندىيان مەدەنىيىتى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئاۋۋال جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىدىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن ئاندىس تاغلىق رايونىدىكى بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزئارا قوبۇل قىلىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ پارلاق ھىندىيان مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

ھىندىيان پادىشاھلىقى دەۋرىدە ھىندىيان ھۆكۈمرانلىقى كوسكو شەھەر مەركىزىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت ھۆكۈمرانلىق رايونىغا بۆلۈنگەن. شۇڭا كوسكو ئۆزىمۇ تۆتكە بۆلۈنىدۇ، ھازىرقى زامان خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن پادىشاھلىق دۆلىتىدىكى تۆت رايوننىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. بىراق مەركەزلىك كونترول قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بۇ تۆت رايوننىڭ مەرتىۋىسى باراۋەر بولغان.

1532 ـ يىلى ئىسپانىيە مۇستەھكەملىكچىلىرى كوسكوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن بۇ يەر قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئەمما يەنە بىر قىسىم ھىندىستان پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى كوچا ـ كويىلار، قەسىر، ئىبادەتخانىلار ۋە ئولتۇراق ئىمارەتلەر بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە، ئىسپانىيەلىكلەر كۆپلەپ ئىمارەتلەرنى سېلىشقا كىرىشتى، بۇ ئىككى خىل قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ يەنىلا ھىندىيان ـ ئىسپانىيە قۇرۇلۇشى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا كوسكو پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. دەسلەپتە ئۇلار غايەت زور قورام تاشلاردىن چەمبەر شەكىللىك بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن شەھەر، بازارنى قۇرغان. ھىندىيانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا كوسكو شەھرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى لايىھەسى ئامېرىكا قىتئەسى قاپلىنىنىڭ سىماسىغا ئوخشىتىپ لايىھەلەنگەن، ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئومۇمىي سىماسىنى سۈس كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، يەنى باش قىسمىغا ئاندىس تاغ تىزمىسىدىكى ساكسايخۇامەن تەگرى ئىبادەتخانىسى، ئوتتۇرا قىسمىغا ھىندىيان ئوردىسى، قۇيرۇق قىسمىغا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى جايلاشقان. كوسكو شەھرىدىكى ھىندىيان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ نام شۆھرىتى شۇ ۋەجىدىن داڭقى كەتكەن. يەنە بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماستىن بەلكى ئەڭ دەسلەپكى بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۈنىرى بىلەن ئاشۇ تاشقا سىڭدۈرگەن ئاددىي ۋە غەيرىي ماھارىتى بۇ قۇرۇلۇشنىڭ نەپىس ۋە مۇستەھكەملىكىنى نامايان قىلغان.

ھىندىيانلىقلار ماھىرلىق بىلەن غايەت زور قورام تاشتا ئىمارەت سالغانلىقى بىلەن مەشھۇر. ھىندىيان تاشچىلىرى بىلەن بىناكارلىق ئۇستىلىرى ئاندىس تېغىدىن ناھايىتى چوڭ تاشلارنى پارچىلاپ يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر پارچىسىنى بىر ـ بىرىگە ھەم چىشلەشتۈرۈپ ھەيۋەتلىك خان سارايلىرى، ئىبادەتخانىلار ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ياسىغان، ئەمما ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغىنى شۇكى، ئاندىس رايونىدا پات ـ پاتلا قاتتىق يەر تەۋرىگەچكە ھازىرقى زامان كىشىلىرى سالغان نۇرغۇنلىغان كاتتا ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھىندىيانلىقلار ياسىغان بىر تۈركۈم ئىمارەتلەر ئاۋۋالقىدەكلا پىرۇ ئېگىزلىكىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دەل جايىغا جايلاشقان ئاشۇ مۇكەممەل سېلىنغان ھىندىيان تاش ئىمارەتلىرى ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىلىشىپ كوسكو شەھرىدىكى ساياھەتچىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

كوسكو شەھەر مەركىزىدە چوڭ مەيدان بولۇپ، بۇ يەر ھىندىيان پادىشاھلىقى دەۋرىدە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى سورۇن ئىدى. مەيداننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ھىندىيان ئادىمىنىڭ پۈتۈن ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يەنە ئەتراپىتىكى تاش ياتقۇزۇلغان بىر قانچە تار كوچىلار ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىنى تۆت تەرەپكە تارتىپ تۇرىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توپا ـ تاشلاردىن سېلىنغان ئۆگزىسى ئۆچلۇق نۇرغۇن ئۆيلەر رەتلىك تىزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان تاش ئۆيلەرنىڭ ئۇلى يەنىلا ھىندىيان پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ تەۋەرۈكىدۇر. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى خان ئوردىسى، ئىبادەتخانا ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەردىن 90 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاندىس تېغىدىن يىغىپ كېلىنگەن چوڭ قورام تاشلار بىلەن ياساپ چىقىلغان. ئازادلىق كوچىسىدىكى ھىندىيان ئوردىسىنىڭ تېمىغا تىزىل-

غان بىر پارچە نەقىشلەنگەن 12 قىرلىق داڭلىق غايەت زور قورام تاش بار بولۇپ، نەقىشلىرىنىڭ نەپىسلىكى ۋە رەڭگىنىلىك بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغانلىقى ئادەمنى ھەيرانۇھەس قالدۇرىدۇ. بۇ تاش ئىمارەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يەنە ھىندىيان پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلۈكىنى ھېس قىلالايسىز.

ئىسپانىيە مۇستەملىكچىلىكى ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ پايتەخت خارابىسى ئۈستىگە بۈگۈنكى كوسكو شەھىرىنى قۇرۇپ چىققان. مەيدانىنىڭ شىمالىدىكى كوسكو چوڭ چېركاۋى 1560-يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 100 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان. بۇ چېركاۋ شۇ ۋاقىتتىكى گۈللەنگەن ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئاساستا ياسالغان. چوقچىيىپ تۇرغان ئۇچلۇق ئېگىز ئىنجىل قوڭغۇراقلىق مۇنارىغا ئېغىرلىقى 130 توننا كېلىدىغان ناھايىتى چوڭ سائەت ئېسىلغان بولۇپ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ سائەت ئىكەن. بۇ سائەتنىڭ ئاۋازى 40 كىلومېتىر يىراقلىقچە ئاڭلىنىدىكەن. چېركاۋنىڭ ئىچىدە يەنە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن ئىنتايىن چوڭ تەزىيە مۇنبىرى ۋە نەپىس ھەيكەللەر بىلەن تولغان تەكچىلەر بار.

مەيدانىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى راكوڭپانىيە چېركاۋى 1668-يىلى ياسالغان بولۇپ، شەھەر بويىچە ئەڭ چىرايلىق چېركاۋ ئىكەن. چېركاۋنىڭ تېمىغا سىزىلغان تام رەسىملىرى ئىنتايىن رەڭدار ۋە يارقىن كۆرۈنىدۇ. يەنە نەپىس ئويما نەقىشلىك چىرايلىق تەزىيە مۇنبىرىمۇ بار. ئەمما بۇ چېركاۋ ھىندىيانلار ياسىغان قۇياش ئىلاھى



ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئۈستىگە ياسالغان. كوسكو ئىسپانىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشتىن بۇرۇن بۇ چېركاۋ ھەيۋەتلىك ئىلاھ ئىبادەتخانىسى بولۇپ شەھەر مەركىزىدىكى ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغلىنىدىغىنى ھىندىيان مىللىتىنى ياراتقان قۇياش ئىلاھى ۋېلاكچېر. ئۇ مەرمەر تاشتىن ئويۇپ ياسالغان ۋېلاكچېر ھەيكىلى قۇياش ئىلاھى ئىبادەتخانىسى ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاچقا، بۇ ئىلاھى ئىبادەتخانا ھىندىيانلىقلارنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس جايغا ئايلانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىلاھى بۇتنىڭ سىرتىنى قاپلاپ چىقىش ئۈچۈن 700 پارچىدىن ئارتۇق ئالتۇن كەتكەن (ئالتۇننىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگىرام). يەنە بۇ ئىبادەتخانىنىڭ چوڭ قورۇسىدا ئالتۇندىن ياسالغان نەچچە شاخ قوناقمۇ بار.

ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە ھىندىيان پادىشاھلىقى ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپلا قالماي يەنە تېررىتورىيەسىنى توختىماي كېڭەيتكەن. ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەپ تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سېپىل، خەندەكلەر بىلەن مۇداپىئەلەنگەن قەلئەلەرنى ياساپلا قالماي يەنە تۆت كىرىش-چىقىش ئېغىزى ۋە سەككىز چوڭ قاتناش يولنى ياساپ چىققان. ئىشقىلىپ كوسكوغا ساياھەتكە كەلگەن ھەرقانداق ئادەم ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ ئىزناسى بولغان ئاشۇ ئازادە، تورلىشىپ كەتكەن چوڭ يوللارغا قاراپ ھەيرانۇھەس قېلىشىدۇ. بۇ چوڭ يوللار ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ چەكسىز كەتكەن تېررىتورىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھىندىيانلىقلار ياسىغان بۇ يوللار ھەرخىل يەر شەكلى تۈزۈلۈشىگە ئىگە بولغاچقا قۇملۇق رايونلارغا يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش تېمى، تاغ ئىچىدىكى جىلغىلارغا ئەگرى-بۈگرى تاش پەلەمپەيلەرنى ياساپ چىققان. ئېگىزلىكتە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاش تاملار مۇھاپىزەتچى بولسا، سازلىق رايونلار ۋە ئېگىز قاشالاردا مۇھاپىزەتچىلەر مەجبۇرىي ۋە ئوڭۇشلۇق قاتناپ يۈرۈپ مۇھاپىزەت قىلغان. تاغلىق رايوندىكى دەريا ۋە جىلغىلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۆتىدىغان جاينىڭ ئارىلىقى قىسقا بولسا، ئادەتتىكى ياغاچ ۋە تاختايلار بىلەن كۆۋرۈك ياساپ ئۆتكەن. ئەگەر ئۆتىدىغان ئارىلىق ھەم كەڭ، ھەم چوڭقۇر بولسا

ئاندىن پۇختا كۆۋرۈك سالغان، ئۇلار مۇشۇنداق كەڭ كۆلەملىك زور قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەملىكەت بويىچە تورلاشقان، راۋان قاتناش يوللىرىنى ياساپ چىققان.

پايتەختنى ھەر تەرەپتىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ھىندىيانلار يەنە كوسكو شەھەر ئەتراپىغا يوغان تاشلار بىلەن نۇرغۇن قەلئەلەرنى ياساپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ساكسايخۇامەن قەلئەسى ئەڭ مەشھۇر. ساكسايخۇامەن جۇيىخۇا تىلىدا تاغ بۈركۈتى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ كوسكو شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراق، 300 مېتىر ئېگىزلىكتە، بۇ قەلئە ھىندىيان پادىشاھلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم قەلئەلەرنىڭ بىرى بولۇش بىلەن يەنە تا بۈگۈنگە قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ مىراسلىرىدىن بىرىدۇر.

ساكسايخۇامەن قەلئەسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى تەخمىنەن تۆت كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۈچ قات مۇھاپىزەت تېمىدىن تۈزۈلگەن. بۇ تاملارنىڭ ھەممىسىدىن غايەت زور قورام تاشلارنى پارچىلاپ ئىشلەتكەن. تاملارنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر، ئەڭ سىرتىدىكى مۇھاپىزەت تېمىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 540 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تامنىڭ غولى تۈز بولماستىن ئېگىز-پەس ھەرە چىشى شەكلىدە ياسالغان. ئالاھىدە چوقچىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان تام قىرىدىن جەمئىي 66 سى بار. ئەسكەرلەر تام ئۈستىگە مىنگىشىپ تۇرۇپ، نەيزە ۋە ئوقيالار بىلەن ياۋۇز دۈشمەنلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ قەلئەنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭدىن كۆپرەك تاش خام ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىلگەن. ئىشلىتىلگەن تاشلارنىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى نەچچە ئون توننىدىن نەچچە يۈز تونىنىچە كېلىدىغان غايەت زور يوغان تاشلاردۇر. كۆڭۈل قويۇپ قېزىپ چىقىلغان بۇنداق تاشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ پارچىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر بولۇپ تەخمىنەن ئېغىرلىقى 361 توننا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئېغىرلىقتىكى تاش پارچىلىرىنى نەپىس ۋە كۆپ قىرلىق قىلىپ ياساپ، ئەپچىللىك بىلەن بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ قويۇرۇپ چىققىنىغا ئادەمنىڭ پەقەتلا ئەقلى يەتمەيدۇ. بەزى تاشلارنىڭ يۈزىگە تۆشۈكچىلەر، قىرماق ۋە يانتۇ شەكىللەر چۈشۈرۈلۈپلا قالماستىن يەنە سىپىرال سىزىق شەكلىدىكى (بارماق چۆگۈلمىچىدەك) كۆزنەكلەر باشقا تاشلارغا ماسلاشتۇرۇلغان ئاساستا مۇۋاپىق ئويۇپ چىقىرىلغان. ئويمىچىلىق ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئارىلىقلىرى نەپىس خۇددى سىمدەك بولغاچقا يوچۇقلارنى بارماقلار بىلەن سىلاپمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. قۇرۇلۇشنى پۇختا قىلىش ئۈچۈن ئادەم كۆرۈپ باقمىغان غايەت چوڭ تاشلارنىڭ بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنىشىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان.

ساكسايخۇامەن قەلئەسى سانسىزلىغان يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ تا بۈگۈنگە قەدەر ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھىندىيانلار يەنە مۇشۇ قەلئەنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ ناھايىتى ئۇزۇن ئاسما يولنى ياساپ چىققان. بۇ ئاسما يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، بۇ پېرۇنىڭ قەدىمكى ئاساسىي قاتناش غول لىنىيەلىرىنىڭ بىرى بولغان.

1950-يىلى كوسكو رايونىدا كۈچلۈك يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ، ئىسپانىيە دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇشلار غۇلاپ چۈشكەن. ئەمما ساكسايخۇامەن قەلئەسى ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم سەيلە-تاماشا قىلىپ ئاپىرىن ئوقۇيدىغان جايىغا ئايلانغان. بىر غەربلىك تارىخشۇناس ساكسايخۇامەن قەلئەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىنتايىن ھەيران قالغانلىقىنى يېزىپ شۇنداق دەيدۇ: «پەقەت سىز بۇ قەلئەنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن ۋاقىتتىلا ئاندىن پۈتكۈل قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەلىنىشىنى ۋە بىناكارلىقنى كارامەت ئىكەن دەپ تەرىپلىيەلەيسىز. قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغان ئۇستىلارنىڭ نادىر ئەسىرى ئىكەنلىكىدىن ھېچقانداق كىشى گۇمان قىلمايدۇ. ئەمما ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەتنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.» بۇ ھەقىقەتتىن مۇشۇ غايەت زور قورام تاشلاردىن ياسالغان تەڭداشسىز قەلئەگە قاراپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىدىغانلاردىن، ھەيرانلىقتا گاڭگىرايدىغانلىرى تولىراق.

· بۇ كاتتا ئىمارەتلەرنى خېلى ئۇزاق ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ كۆرگەن ياۋروپالىقلار بۇ دۇنيادىكى ئاجايىپ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى ياراتقانلىقى شۈبھىسىز دەپ قارايدۇ. لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىمۇ ھىندىيانلار

تۆمۈردىن ياسالغان ئۈسكۈنىلەر بىلەن چاقلىق قاتناش قو-
راللىرىنى كەشىپ قىلمىغان. ئۇلار ياكى كەڭ كۆلەمدە
چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانمىغان. ئاندىس تاغلىق را-
يونىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ باقىدىغىنى جەنۇبىي ئا-
مېرىكا قىتئەسى تۆگە قويىدۇر. بۇ خىل ھايۋاننىڭ جۇغى
كىچىك بولۇپ بىر تۆگە قويى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 20
كىلوگىرامدىن ئارتۇق يۈكنى كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئەينى
چاغدىكى ھەرقانداق يۈكلەر ھىندىيان ئەرلىرىنىڭ كۈچى
بىلەن توشۇلغان. ئۇنداقتا ئۇلار نېمىگە تايىنىپ شۇنچە
چوڭ تاشلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ يۆتكىيەلىگەندۇ؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە ساكسايخۇامەن قەلئەسىدىكى ئەڭ
چوڭ تاشنىڭ ئېغىرلىقى 300 تونىنا كېلىدىغان بولۇپ، شۇ
ۋاقىتتىكى ھىندىيانلارنى دېمەي تۇرايلى، بۈگۈنكى كۈن-
دىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىن ئېھتىمال 300 تونىنا
ئېغىرلىقتىكى تاشلارنى يۆتكىيەلەيدىغان ئۇنداق چوڭ ما-
شىنىنى تاپقىلى بولماس. ئېغىرلىقى 200 - 300 تونىنا كېلىد-
غان بۇنداق چوڭ قورام تاشلارنى ئېگىز - پەس تاغ قاپتى-
لىغا يۆتكەپ، شامال ئۆتمەس تام قىلىپ قوپۇرۇپ چىقى-
نىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ھەققەتەنمۇ بەك قىيىن. قۇرۇلۇش-
چىلارنىڭ قانداق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مۇشۇنداق
تاش قەلئەنى ياساپ چىققانلىقى بىر سىر خالاس.

پېرۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە،
بىر ھىندىيانلىق شاھزادە ئاتا - بوۋىلىرى ياسىغان ئاشۇ
ساكسايخۇامەن قەلئەسىگە تەقلىد قىلىپ نەچچە كىلومېتىر
يىراقلىقتىن چوڭ تاشلارنى يۆتكەپ كېلىپ يەنە بىر قەلئە
ياساپ شەرەپ قۇچۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. خاتى-
رىلىنىشىچە «20 مىڭدىن ئارتۇق ھىندىيانلار بىر
يۇملاق چوڭ تاشنى سۆرەپ ئېگىز ھەم تىك قىيالىق تاغ
يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ كېتىپ بارغاندا تۇيۇقسىز تاش
تىك ياردىن دومىلاپ چۈشۈپ 3000 دىن كۆپرەك ئادەم-
نى بېسىپ ئۆلتۈرگەن». خاتىرىلەنگەن. بۇ پارچە ھىندى-
يانلىقلارنىڭ ئۇنداق ئالاھىدە قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ
يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

شۇڭا بەزى مۇتەخەسسىسلەر ساكسايخۇامەن قەلئە-
سىنى ھىندىيان پادىشاھلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە يا-
سالغان دېگەن بۇ يەكۈنگە قوشۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارى-
شىچە، قەلئەنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە يۇقىرى ماھارىتى-
گە ئاساسلانغاندا ھىندىيانلار بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن
چوقۇم مەلۇم بىر نامسىز مىللەت، ئاللىبۇرۇن يوقالغان،
قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بىر خىل تېخنىكا بىلەن
بۇ قەلئەنى ياساپ چىققان دەپ قارايدۇ.

ئەمما يەرلىك ھىندىيانلارنىڭ بۇنىڭغا بولغان كۆز
قارىشى باشقىچە، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە قەدىمكى بىر رىۋا-
يەتكە ئاساسلانغاندا، ھەر تەرەپكە تۇتىشىدىغان ئاشۇ
تورلاشقان يوللار بىلەن بۇ بۈيۈك تاش قۇرۇلۇش ئەڭ
دەسلەپكى ھىندىيان دەۋرى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا بار
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنقى
ۋىيلاكچىر ئىسىملىك بىر ئانتروپوتېئىزم ۋە ئۇنىڭغا ئېتى-
قاد قىلغۇچى مۇخلىسلىرى ياساپ چىققان ھەم ئۇلار بۇ
غايەت زور تاش قۇرۇلۇشنى ئىشلەتكۈچىلەردۇر. شۇندا-
قلا جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوغدىغۇچىلىرىدۇر. بۇ ئىلاھىي ئەۋ-
لىيا ۋىيلاكچىر ئېھتىمال ھىندىيانلارنىڭ كوسكو قۇياش
ئىلاھى ئىبادەتخانىسى يوقىلىشتىن بۇرۇنقى ئېتىقاد قىلغان
تەڭرىسى بولۇشى مۇمكىن.

ھىندىيانلارنىڭ ئۆز ئانا تىلى بار، لېكىن يېزىقىنى
ئىجاد قىلمىغان. ھىندىيانلارنىڭ خاتىرىلەش سىستېمىسى
«كۇيپۇ» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى
ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۈچۈرلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن
ئىشلەتكەن. ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئارغامچىنى تۈگۈن
تۈگۈش ئارقىلىق خاتىرە قالدۇرۇش. پەقەت مەخسۇس
تەربىيەلەنگەن خادىملار «كۇيپۇ»نى ئىشلىتىشنى بىلىدۇ.
ئۇ ئېھتىمال نەرسە - كېرەك ۋە ئادەم سانىنى خاتىرىلەش-
كىلا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا تارىخىي
ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشكە ئىشلەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.
ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ تاجا-
ۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن بىللە، بۇ خىل «كۇيپۇ» خاتى-
رىلەش ئۇسۇلىمۇ ئاللىبۇرۇن يوقالغان. ئۇنداقتا ساكساي-
خۇامەن قەلئەسىدىكى غايەت زور تاشتىن ياسالغان ئىما-
رەتلەر قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ياسالغان؟
يەنە كوسكو قۇياش ئىلاھى ئىبادەتخانىسىدىكى چوقۇن-
دۇرغۇچى ئىلاھ ۋىيلاكچىر زادى قانداق ئادەم؟

تەرجىمە قىلغۇچى: **مېھرىگۈل قادىر** (ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)



# ئۇيغۇرلاردا تويلۇق

**مۇتەللىپ ئىقبال**

تويلۇق تارىخى ئۇزاق مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئىنسانىيەت ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر خېلى كۆپ نىكاھ شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. نىكاھ جەريانىدىكى نۇرغۇن پائالىيەتلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا قېلىپلىشىپ، شۇ ئۇرۇق، مىللەتنىڭ توي، نىكاھ، ئائىلە مۇراسىم مەدەنىيەتلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە قارايدىغان بولساق، تويلۇق ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ كەلدى. يەنى ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچىدا ئەر ياكى ئايال قارشى تەرەپكە مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي بويۇم تاپشۇرۇش قېلىپلاشقان ئادەت بولۇپ كەلدى. قەدىمىي مىللەتلەردە قىز ياكى ئوغۇلنىڭ قىممىتى تويلۇقنىڭ قىممىتى ئارقىلىق ئۆلچەندى. «تويى بولغان قىز ياتلىق قىلىنغان ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدىغان جەمئىيەتلەردە، قىزنىڭ تويلۇقىدىن ئىبارەت بۇ ھادىسە مەۋجۇت بولۇپ، ئەر تەرەپ قىزنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى ۋە بالا تۇغۇش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىدىغان بولغاچقا، قىزنىڭ ئائىلىسى چوقۇم قىزى باشقا ئائىلىگە كەتكەندىن كېيىن ئائىلىدىكى ئەزانىڭ كېمىيىشى تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان زىياننى تۆلىتىۋېلىشى كېرەك» ئىدى[1].

مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تويلۇق — سوۋغات ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. تارىختا ھەرقايسى مىللەتلەردىكى تويلۇقنىڭ شەكلى، بىر-



لىدىغان ئورنى، تويلۇق بېرىلىدىغان ۋاقىت ۋە تويلۇق بېرىش ئوبيېكتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما تويلۇقنى ئاساسەن «قىز تويلۇقى، ئوغۇل تويلۇقى، ئەمگەك تويلۇقىدىن ئىبارەت»② ئۈچ تۈرگە بۆلۈش ئاساس بولماقتا. بۇ خىل بۆلۈش ئۇسۇلىدا تويلۇقنىڭ ئوبيېكتى بىلەن تويلۇقنىڭ شەكلى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بەزى مىللەتلەردە يەنە تويلۇق ئۈچۈن ئۆزئارا قىز ئالماشتۇرىدىغان ئادەت مەۋجۇت.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تويلۇققا بولغان قارىشى ئوخشاش ئەمەس. ياۋروپادىكى بىر قىسىم مىللەتلەردە بۇ ئادەت ناھايىتى قەدىمىلىككە ئىگە. بەزى مىللەتلەردە تويلۇق قىز ۋە قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، يېقىن-تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئېلىنسا، قىسمەن مىللەتلەردە تويلۇق پەقەت قىز ئۈچۈنلا بېرىلىدۇ. بەزى مىللەتلەردە تويلۇق ئوغۇلنىڭ ئەمگىكى بىلەن تاماملىنىدۇ. بەزى مىللەتلەردە قىز توي قىلغاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال دۇنياسىدىن بىر ئۈلۈش ئايرىپ بېرىدۇ، بۇ مال-دۇنيانىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى قىزدا ئەمەس، بەلكى قىز ياتلىق قىلىنغان ئوغۇل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بولىدۇ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئوغۇلنىڭ تويلۇقى دەل مۇشۇ ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

تويلۇق سوۋغىتى سورۇن ئالاھىدىلىككە ئاساسەن رەسمىي سورۇندا بېرىلىدىغان سوۋغات تىپىغا كىرىدۇ. چۈنكى، كۆپ سانلىق مىللەتلەردە سوۋغات توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى تويغا قاتناشقان كىشىلەر ئالدىدا ئېچىلىدۇ ياكى توي مۇراسىمىدىكى كىشىلەرگە جاكارلىنىدۇ. توي جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەت بولغاچقا، تويلۇق رەسمىي مۇراسىم خاراكتېرىگە ئىگە، بەزى مىللەتلەردە تويلۇق تويىنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تويلۇق ئادەتلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، قەدىمىي ۋە ھازىرقى زامان تۈسىگە ئىگە. ئۇيغۇرلاردا قىز تويلۇقى، ئوغۇل تويلۇقى قاتارلىق ئادەتلەر ساقلانغان.

ۋەھالەنكى، تويىنىڭ شەكىللىرى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەر خىل توي شەكىللىرىدە تويلۇقنىڭ تۇتىدىغان ئورنى ۋە شەكلى ئوخشاش ئەمەس. تۆۋەندە تويلۇققا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە نىكاھ شەكلى بىلەن تونۇشىمىز.

**ئېلىپ-سېتىش تىپىدىكى نىكاھ.** بۇ خىل نىكاھ شەكلىدە ئەر تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ. ئايال تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغۇلنىڭ بارلىق سوۋغاتلىرى (تويلۇق)نى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ تويلۇق سوۋغاتلار قايتۇرۇلىدىغان چاغدا ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئادەت شىمالىي ئامېرىكىدىكى كۋاكيۇت ئىندىيان قەبىلىلىرى ئارىسىدا ساقلانغان.

**مۇلازىمەت تىپىدىكى نىكاھ.** بۇ خىل نىكاھ شەكلىدە ئوغۇل بالا تويلۇق ئالىدىغانغا ئىقتىسادىي قۇربىتى يەتمەيدىغان بولغاچقا، ئايال تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارغا ئەمگەك قىلىپ بېرىدۇ ۋە شۇ جايدا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولىدۇ ۋە بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. بۇ خىل نىكاھ ئوتتۇرا شەرق ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىيانلار، سىبىرىيە، ئاسىيانىڭ جەنۇبى ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە مەۋجۇت.

**ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى نىكاھ.** بۇ خىل ئادەت دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئوغۇل توي قىلىش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئائىلە ئىقتىسادىي قېيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئۆيلىنەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئائىلىدىن بىر قىز يەنە بىر ئائىلىدىكى قىز بىلەن ئالماشتۇرۇش قىلىنىدۇ. بۇ خىل نىكاھ شەكلى تويلۇق يۈكى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر مىللەتلەردە ئومۇملاشقان. بۇ خىل ئادەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم مىللەتلەردە، ئاۋستىرالىيەدىكى يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا مەۋجۇت، قەدىمكى ئەرەبلەردىمۇ بۇ ئادەت بولغان.

ئۇيغۇرلاردا ئېلىپ سېتىش ۋە ئالماشتۇرۇش تىپىدىكى نىكاھ شەكىللىرى يوق. ئەمما مۇلازىمەت تىپىدىكى نىكاھ شەكىللىرى ھەققىدە ھەرقايسى تارىخىي كىتابلاردا مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە كەمبەغەلنىڭ بالىسى باي ئائىلىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن باي ئائىلىسىگە بېرىپ نەچچە يىل ئىشلەپ بېرىپ، تويلۇق يۈكىدىن قۇتۇلىدىغان مۇتىفلار ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىملىرىدا تويلۇق ئاساسىي جەھەتتىن قىز ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردا يەنە قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن

شى. ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە تويغا تويى بولغان قىز ـ يىگىتنىڭ مېھمانلىرىدىن باشقا ئەڭ كۆپ ساندىكىسى قىز ـ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھمانلىرىدىن ئىبارەت. ئادەتتە تويدا ئاساسەن دېگۈدەك قىز ـ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھمانلىرى بولىدۇ ھەم بۇ مېھمانلار سوۋغاتلىرىنى قىز ـ يىگىت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قىز ـ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تويلۇق سوۋغىتىنىڭ تۈرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندە تويلۇق ئاساسەن پۇل بولماقتا. ئەمما بەزى يېزىلاردا ۋە تاغلىق كەنتلەردە رەخت، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تويىنىڭ سوۋغىتى قىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار.

### 1. ئۇيغۇرلاردىكى قىز تويلۇقى

قىز ئۈچۈن تويلۇق ئېلىش ئاساسەن كۆپ ساندىكى مىللەتلەرنىڭ ئادىتى. «مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە تويىنى پۈتۈنلەي ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىتى بېرىدىغان مىللەتلەر 54 بولغان»③.

ئۇيغۇرلاردا قىز تەرەپنىڭ تويلۇقى ئوبيېكت جەھەتتىن ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، مەخسۇس قىز ئۈچۈن ئېلىنىدىغان تويلۇق، بىرى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان تويلۇق. يەنە بىرى توي ئۈچۈن كېتىدىغان ماددىي بۇيۇملار (ئاش سۈيى)دىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار قىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ئاتا ـ ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش دەپ قارايدىغان بولغاچقا، تويلۇق ئىشىدا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ نەزەرگە ئېلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىزنى «تەستە باققانلىقى» ئىپادىلەنمەي قالىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بۈگۈنكى كۈندە قىز تويلۇقىنىڭ شەكلى ئاساسەن پۇل بولماقتا. بۈگۈنكى كۈندە پۇل ئىنتايىن قولايلىق ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردا مەيلى قىز ـ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھمانلىرى بولسۇن ھەممەيلەن پۇل ئارقىلىق كۆڭلىنى ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يازما يادىكارلىقلارغا نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلاردىكى تويلۇق بېرىش ئادىتىنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىمىز. «توي



تويلۇق بېرىش ئادىتىمۇ بار. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن قىلىنغان سوۋغاتلار تويىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ ـ كىچىك چايلاردا ۋە تويىنىڭ كەينىدىكى چىللاق پائالىيىتىدە بېرىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئوغۇل ئۈچۈن تويلۇق بېرىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. گەرچە ئوغۇل ئۈچۈن بېرىلىدىغان تويلۇق قىزنىڭكىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بولغۇسى كۈيئوغلى ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تويىنىڭ ئالدىدا ئېسىل كىيىم ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە قىز ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن قىزنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆيى ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ شەكىل جەھەتتىن باشقا مىللەتلەردىكى قىزى ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن قىزى ئۈچۈن بىر ئۈلۈش مال ـ دۇنيا ئايرىپ بېرىدىغان ئادەت شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك تويغا چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ توي ئۈچۈن سوۋغات ئېلىپ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەتكە ئايلىنى-

مۇراسىمى يىگىت ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، قىز ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى يىگىت ئائىلىسىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئادەتتە قىز ئۈچۈن تويلۇق بېرىلىدۇ، قىزنىڭ قولداشلىرى ۋە ئۇلاغلارنى ھەيدەپ كەلگەن كىشى ئۈچۈن قىزىل ۋە سۆسۈن رەڭلىك لېنتا سوۋغاتلارنى بېرىش ئومۇملاشقان»④.

ئۇيغۇرلاردا تويلۇقنىڭ بېرىلىدىغان ۋاقتى تويدىن ئىلگىرى ۋە تويدىن كېيىن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تويلۇق ئادىتى ھەرقايسى رايونلاردا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بەزى رايونلاردا تويدىن ئىلگىرىلا تويلۇق بېرىش باشلىنىدۇ، يەنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە كىرگەن ۋاقتىدا، قىز ئۈچۈن ئېسىل نەرسە سوۋغات قىلىنىدۇ. بۇ ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز ئۈچۈن قىلغان تۇنجى سوۋغىتى — يەنى تويلۇقنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك چاي ۋە چوڭ چاي قاتارلىقلاردا يەنە ئوغۇل تەرەپ قىز ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئىككىنچى قەدەمدىكى كۆڭۈل سوۋغىتى — تويلۇقنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنى باسىدۇ. كىچىك چاي ۋە چوڭ چايلار (بەزى جايلاردا كىچىك چاي ۋە چوڭ چاي دەپ ئاتىمايدۇ) دا قىزنىڭ سوۋغاتلىرى بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلار كىچىك چاي ۋە چوڭ چايلاردىكى سوۋغاتلارغا ئېتىبار بېرىدۇ، چۈنكى بۇ چايلاردىكى سوۋغاتنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن قىزنىڭ قەدىر-قىممىتىگە قاراش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. شۇڭلاشقا بۇ چايلاردا سوۋغاتلار ياخشى بولۇنماي قالسا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنى بېرىشكە قوشۇلمايدۇ. سوۋغاتنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى تۈپەيلى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن نارازى بولىدۇ ۋە قەدىر-قىممىتىمىزنى قىلمىدى دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تويدىن كېيىنكى سوۋغات ئالماشتۇرۇش ئادىتى ئاساسەن تويدىن كېيىنكى چىللاقتا ئىشقا ئاشىدۇ. توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بىرەر ھەپتە ۋە بىرەر ئاي ئىچىدە چىللاق قىلىش ئادىتى ئۇيغۇرلاردا ئاساسەن ئومۇملاشقان، چىللاقتا ئاساسەن كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەت سوۋغا قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بوي-تۇرقى ۋە قىزىقىشى نەزەرگە ئېلىنىدۇ.

## 2. ئوغۇل تويلۇقى

قىز بىلەن بىللە قوشۇپ بېرىلىدىغان تويلۇقلار غەربتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە مەنىلەرگە ئىگە بولغان. ئېرلاندىيەدە قىز تەرەپنىڭ تويلۇقى ئوغۇلنىڭ دادىسىغا بېرىلىدۇ. ئوغۇلنىڭ دادىسى ئوغۇلنىڭ تويلۇقىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلى بىلەن كېلىنىگە ئۆزىنىڭ يېرىنى بېرىدۇ. «غەربتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۆتمۈشتە ئەگەر قىزنى جەمئىيەتتە ئورنى يۇقىرى ئادەملەرگە ياتلىق قىلسا ئوغۇلغا بېرىدىغان تويلۇقمۇ شۇنچە كۆپ بولغان»⑤.

قىز بىلەن بىللە قوشۇپ بېرىلىدىغان سوۋغات (تويلۇق) «ياۋروپا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىدە، جەنۇبى ۋە شەرقىي قىسىم رايونلىرىدا، ئىقتىسادىي شەكىل جەھەتتىن يېزا ئىگىلىكى ئاساس جەمئىيەتلەردە، قىز توي قىلسا دائىم تويلۇقنى ئېلىپ بارىدىغان ئادەت بولغان» ⑥. خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىسىدىمۇ بۇ خىل ئادەت بار بولۇپ، «دۆلىتىمىزدە ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى قىزغا قوشۇپ بېرىلىدىغان تويلۇق تويى بولغان قىزنىڭ ئوغۇل تەرەپ ئائىلىسىگە ئاپىرىدىغان مال-دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ قىز تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى توي قىلغاندا يوتقان-كۆرپە، بېزەك بۇيۇملىرى، ئاشخانا جابدۇقلىرى ۋە تۇغۇت نەزد-





رىگە مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملارنى بىللە قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. بۇ بايلىقتا قىزنىڭ شەخسىي ئۈلۈشىمۇ بار بولىدۇ. مەسىلەن، پۇل-پۇچەك دېگەندەك»⑦.

جۇملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇ خىل ئادەتنىڭ قەدىمىيلىكى تارىخىي مەلۇماتلاردا يېزىلغان. بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇ خىل ئادەتنىڭ قەدىمىيلىكىنى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى بايانلاردىن بىلەلەيمىز. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يۇفۇش سۆزىگە مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: «يۇفۇش — يېقىن كىشىلەرگە مال ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن ياردەم بېرىش. بۇ ئىش كۆپىنچە كېلىن يۆتكەلگەندە بولىدۇ. يەنى كېلىننى جابدۇپ ئۇزىتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى كېلىننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن سوۋغىلارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: يۇفۇشلىگ كەلىن كۆزەگۈ يافاش بولۇر — تارتۇقلانغان كېلىن ياۋاش كۆيەۋ تاپار. ئۆز يېقىنلىرىنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى بىلەن ئىززەتلەنگەن كېلىن خۇشخۇي ۋە ئېغىر-بېسىق كۆيەۋگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، مالدار كېلىننى تاپقانلىقتىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ»⑧.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يەنە كەزۈت سۆزىگە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «كەزۈت — كىيىت. كۆپىنچە تويدا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم-كېچەك، يەنى كۆيۈئوغلىنىڭ ۋە كېلىننىڭ يېقىنلىرىدىن سوۋغات قىلىپ كىيدۈرۈلىدىغان كىيىم-كېچەك. كەزۈت بېردى — كىيىت قويدى»⑨. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇرلاردا قىزنىڭ

ئۆيىدىكىلەر قىز توي قىلغاندىن كېيىن، قىز ئوغۇل تەرەپ ئائىلىسىگە يۆتكىلىدىغان چاغدا مەلۇم دەرىجىدە مال-دۇنيا، سوۋغات بېرىدىغانلىقى ۋە يىگىت تەرەپنىڭمۇ سوۋغات قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە يېزىلاردا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى توي بولغان كۈنى ئوغۇل تەرەپ ئۈچۈن بىر قۇر يوتقان-كۆرپە ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئاپىرىدىغان ئادەتمۇ مەۋجۇت.

«ئەمەلىيەتتە قىزغا قوشۇپ بېرىلىدىغان تويلۇق قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قىزى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىدىغان بايلىقى بولۇپ، بۇ خىلدىكى مىراس قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغاندا بېرىلمەستىن، بەلكى قىز توي قىلغاندا بېرىلىدۇ. قىزغا قوشۇپ بېرىلىدىغان تويلۇقنىڭ بىرىنچى رولى قىزنىڭ تۇل ۋاقتى (ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ۋاقتى)دا ئۆزىنى كۆتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىش. ئەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئەمما ئايالنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ قىلغان خىزمىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇغۇش ئىقتىدارى بىلەن ئۆلچىنىدىغان جەمئىيەتتە، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەرگەن بايلىقى مۇھىم تولۇقلىمىدىن ئىبارەت... قىزغا قوشۇپ بېرىلىدىغان تويلۇقنىڭ يەنە بىر رولى بايلىق پەرقى چوڭ بولغان جەمئىيەتتە ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ، قىزنىڭ تويى بولغان ۋاقىتتا بىر ئۈلۈش مال-دۇنيانى ئەر تەرەپكە ئاپىرىشى ئۇنىڭ ئەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى»⑩.

### 3. ئۇيغۇرلاردىكى تويلۇقنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى ۋە رولى

تويلۇق سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسى. چۈنكى بىر خەلقنىڭ تويلۇققا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ ئادەمنىڭ قىممىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «تويلۇقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىن بىر مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى، تەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي قاتلام قارىشىنى بىلگىلى بولىدۇ»⑪. بۇ مەنە-

دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تويلۇقنىڭ ئاز-كۆپ، يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ۋە تويلۇقنىڭ شەكلى قاتارلىقلار شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئادەمنىڭ قىممىتىگە بولغان باھاسىنىڭ ئىپادىلىنىشى. چۈنكى كۆندە ئۇرغۇنلىغان قىز-يىگىتلەر تويلۇق بېسىمى سەۋەبىدىن توي قىلالماي، كۆتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تويلۇققا بەك ئېتىبار بېرىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە باغلاپ چۈشىنىش مۇمكىن. «نىكاھ ئائىلىدىكى ھوقۇقنىڭ يۆتكىلىشى بولۇپ، بۇ خىل ھوقۇق مال-دۇنياغا ئىگە بولۇش ھوقۇقى، قىزغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە جىنسىي جەھەتتىكى ھوقۇق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا نىكاھ دائىم ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىي مەنپەئەتى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ»⑫. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلاردا قىزنىڭ باشقا بىر ئائىلىگە ياتلىق قىلىنىپ كېتىشى قىزنىڭ ھەر خىل ھوقۇقلىرىنىڭ يەنە بىر ئائىلىگە يۆتكىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىدا تويلۇقنى مۇۋاپىق قىلىش بەلگىلەنگەن. ئىسلام دىنىدا تويلۇق (مەھرەم) چوقۇم نىكاھتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى. ئىسلام دىنىدا ئەگەر بىر ئەر كىشى بولغۇسى ئايالى ئۈچۈن تويلۇق ئېلىشقا قۇربى يەتمىسە، ھەتتا بىر خورمىغا چاغلىق نەرسە بەرسىمۇ تويلۇق ھېسابلىنىدۇ دېيىلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغاندەك تويلۇقنىڭ نورمال بولۇشىنى بەزى كىشىلەر ياقتۇرسىمۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر تويلۇق يۈكىنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر قىلىۋېتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تويلۇقنىڭ ئېغىر بولۇش مەسىلىسى نۆۋەتتە كۆرۈنەرلىك بولماقتا، ئۇيغۇرلاردىكى تويلۇق ۋە ئۇنىڭغا بولغان قاراشلار ئىلمىيلاشتۇرۇلۇشى ۋە ناچار تەرەپلەر چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

تيەن جاۋيۈەن: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» دەرسلىكى (خەنزۇچە)، خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى

**ئىزاھلار:**

① ۋىليام خاۋىلەند: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە) چۈتىبىڭ، جاڭ يۈ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى، 252-بەت.

② سېرىنا. نەندا: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە) لىۋ يەنمىڭ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شەنشى خەلق ماارىپ نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى، 214-بەت.

③ چۇ مىڭئەن: ھالقىما مەدەنىيەت نەزەرىيىدىكى تويلۇق-جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ تويلۇقى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات (خەنزۇچە)، مىللەتلەر تەتقىقاتى، 2003-يىلى 6-سان.

④ جاڭ بىبو، دوڭ گوياۋ تۈزگەن، «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» (مىللەتلەر مەدەنىيىتى تومى) (خەنزۇچە)، خېيلوڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل نەشرى، 168-بەت.

⑤ ۋىليام. گودې: «ئائىلە» (خەنزۇچە)، ۋېي جاڭلىڭ تەرجىمىسى، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋەسىقە نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 84-بەت.

⑥ ۋىليام خاۋىلەند: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، چۈ تىيېبىڭ، جاڭ يۈ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى، 253-بەت.

⑦ ياۋ شىنرۇڭ، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ تويلۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى» (خەنزۇچە) ئاياللار تەتقىقاتى ماقالىلەر تومى، 1992-يىلى 2-سان.

⑧ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 3-توم، 13-بەت.

⑨ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 1-توم، 463-بەت.

⑩ ۋىليام خاۋىلەند: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، چۈتىيېبىڭ، جاڭ يۈ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى، 253 - بەت.

⑪ چۇ مىڭئەن: ھالقىما مەدەنىيەت نەزەرىيىدىكى تويلۇق — جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ تويلۇقى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات (خەنزۇچە)، مىللەتلەر تەتقىقاتى، 2003 - يىل 6 - سان.

⑫ ۋىليام خاۋىلەند: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى»، چۈتىيېبىڭ، جاڭ يۈ قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى، 245 - بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپى 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# بېيىتلار



رادلوف (رۇسىيە)

تەھرىر ئىلاۋىسى:

بېيىتلار ــ ئۇيغۇر خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، تىلى يېنىك، ئوقۇشلۇق، ئاغزاكى تىلغا يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

تۆۋەندە بېرىلگەن بۇ بېيىتلار رۇس ئالىمى رادلوۋ تەرىپىدىن 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىلىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن سلاۋيان يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 1886- يىلى سان - پېتىربۇرگتا نەشر قىلدۇرغان «شىمالدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، 1- بۆلۈم خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، 4- قىسىم تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابىغا «بەيىتلار» نامى بىلەن مەزكۇر كىتابنىڭ 7- بۆلىكى قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە بىزنى 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى چاغاتاي تىلى دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىشتە بەلگىلىك تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇ نۇسخىنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسەردە قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ ئەسلىي فونېتىكىلىق شەكلىنى ئۆزگەرتمەسلىك پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، سۆزلەرنىڭ شەكلىنى ئەينەن ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. شۇنىڭدەك فونېتىكىلىق شەكلىدە پەرق كۆچلۈك كۆرۈلگەن، نۆۋەتتە كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى بىرئاز قىيىن بولغان سۆزلەر ۋە بىر قىسىم ۋاقىتلىق كىرمە سۆزلەرگە بەت ئاستىدا قىسقىچە ئىزاھات بەردۇق.

بۇ بېيىتلارنىڭ ئىچىدە سادىر پالۋان ۋە نۇزۇگۇم قوشاقلىرى، شۇنىڭدەك ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىمۇ بار. بۇلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرىنى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

## بەيتلار

1

ئۈش ①بالامنى ئۆلدى دەپ،
بېشىمغا سېلىپتۇ لەچەك.
مەنىڭ ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن،
بۇ يىلقى كەلگەن بۇ چىچەك②.
چوڭ كۆرەگە ③مەن بېرىپ،
ئالدىم زىبەشمگە④ يەلىم.
تۆشكەنەمگە⑤ كىرىپ قاپتۇ،
ناسىر بالام، مەمەتئەلىم.
ئۆيگە مىمانلار⑥ كەلىپتۇ،
داستۇرخانلارىڭ قېنى.
باغدا گۈللەر ئېچىلىپتۇ،
قىسقىلى بالا قېنى.
بۇغدىيىمنى يايمىغان،
ئەخلەتى يوق ئۆگۈت ئىكەن.
نەچچە باللار بىر سېرى،
مەمەتئەلى يىگىت ئىكەن.
مىلتىقمنى ئېسىپ چىقىپ،
قارغا، سېنىدا ئۇۋلۇدۇم.
خىيالىمغا كەلگەندە،
قالماق بولۇپ مەن دوۋلۇدۇم.
تاققا چىقىپ كىك ⑦ئاتتىم،
گۆش ئالغىلى ھەمرا قېنى؟
گۆشنى يۈكلەپ ئۆيگە كەلدىم،
يەگىلى باللار قەنى؟

يوقاتىن⑧ سۇ ئاقىدۇ،
تاشتىن تاشقا شارقىراپ.
بەيش باغلارغا يېتەر،
ئالتۇن- كۈمۈشتەك پارقىراپ.
چوڭ كۆرەنىڭ يولىدا،
جەنەستە پىشسا يەر ئىدى،
خوش خۇدانىڭ تەقدىرى،
قۇلۇنلىرىمدىن ئاردى،
ساۋدىگەر ئۇستا ئىكەن،
شەشى توقۇپ، بۆز ئەتكەلى.
كۆك، يېشىل خىش ئېلىگەر،
قەبرىسگە سۆز ئەتكەلى.

2

ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما،
پىياز يولىدا
بەرگەن قوبۇزۇلۇڭ
جىگدە تۆبۇدە
تۆشۈپ⑨ كەتتى يا،
يىنىپ بېرىپ،
تېپىپ ئالسام،
ئانام چاپاق
كۆرۈپ قاپتى يا،
نەدىن ئالدىڭ؟ دەپ،
ماڭا كەلەدۇ.
ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما.
دادام غالازاڭ
كۆرەگە كەتىپ،
كەلىپ قاپتى يا،
توپاقنى توقۇپ،
تەبلغۇ⑩ ئەپ كەلىڭ! ⑪
ئېغىلغا ئەپ كىرىڭ!
ئاكام، ئاكاما.
ئالىم ئاكاما،
ئە مەمەتئەلى،
شاڭ بەگىنىڭ⑫،
ئىكى قىزى بار،
كىچىك قىزىنىڭ
ئايدەك ئۈزى بار⑬.
چولپان كۆزى بار،
چوڭ قىزىنىڭ
يانچۇغىدا
قوش قوبۇزى بار،
قوش قوبۇزنى
قوشلاپ چالىپ،
قۇرۇتتى مەنى.
ئاق كىگىزنى
سېلىپ يېتىپ
ئۈنۈتتى مەنى؛
ئاكام، ئاكاما،
ئالىم ئاكاما.

---

① ئۈش — ئۈچ.
② چەچەك — چېچەك، يەنى بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل نامى.
③ چوڭ كۆرە — يەر نامى.
④ زىبەش — قىزلارنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى، ئەسلى ئىسمى «زىبىرە» بولسا كېرەك.
⑤ تۆشكەنە — چۈش.
⑥ مىمان — مېھمان.
⑦ كىك — كىيىك:
⑧ يوقاتىن — يۇقىرىدىن.
⑨ تۆشمەك — چۈشمەك.
⑩ تەبلغۇ — تېۋۇلغا.
⑪ ئەپ كەلمەك — ئېلىپ كەلمەك.
⑫ شاڭ بېگى — مەنسەپ نامى.
⑬ ئۈز- يۈز.

3

خۇماخان ئوبدان بالا.
چېچى ئاز ئىكەن،
خۇماخاننىڭ تەككەن ئەرى،
بېشى تاز ئىكەن.
خۇماخاننىڭ كەيگەن تونى،
سېرىق تابادا⑭،
هاراق ئىچكەن مەست كىشىدەك،
كۆزى خۇمادا.
خۇماخاننىڭ قوش پۆپۈكى،
يەرگە تەگەمدۇ،
يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تەگەمدۇ.
ئوخات⑮ قىلىپ يارماق تېپىڭ،
چىگەسى بىلەن!
خۇماخاننى ئاداش تۇتۇڭ،
يەڭگەسى بىلەن!
خۇماخان ئوبدان بالا.
ئۆزى تۈزۈك.
ئادىشى ئەپ بەرگەنى،
ئىكى ئۈزۈك.
خۇماخان دەپ قىشقىرىپ،
پوتامنى ئاتتىم سالما دەپ.
خۇماخان چىقىپ كەلسە،
تاقىنغا تىزغان ئالمادەك.

**4. سادىر (1)**

ئاق بوز ئېتىم ئوبدانمۇ؟
قارا بوز ئېتىم ئوبدانمۇ؟
سادىر ئۆزى يامانمۇ؟
يول تېپىپ بەرسە ئوبدانمۇ؟
يامۇلدىن كەتكەن كۈنى،
ياتقان يەرىم يانبۇلاق،
ياراتقان پەۋرەيدىگار،
قاچان بەرەسەن ئۇلاق؟
يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
سادىر چىقتى تالاغا.
بىزنى باقان بەش يايى،
ئەمدى قالدى پالاغا.
بەيچىڭغا چىقىپ پارساڭ،
رىن-سىن⑯ دەپ تونۇمايدۇ.
پەي-زەڭگە⑰ بۇتى دەسەم،
شەن سىنى⑱ ئۇنۇمايدۇ.
شاڭگۇڭدا⑲ قوغۇن تەرگەن،
كۇرەدىكى خېۋازا⑳،
يېنىمغا ئېسقاتتى،
سەكىز پۇللۇق پىۋازا㉑.

**5. سادىر (2)**

ئاتىسىن يەتىم قالغان،
يەتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھەممەدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟
ھەممەدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟
مەنىڭكى ئۈچ ئەگەچىم㉒بار،
قىشقىرسام توختاۋاق㉓ دەيمەن،
ئېنىڭدىن چوڭ ئەگەچىمنى،
ئېنى ھەم بەختىۋاق㉔دەيمەن.
ئۆيىنىڭ تۆرىدە ياتقان،
ساشقانى㉕ماراپ ياتقان،
كالا گۆشى تەڭ يەگەن،
مۆشۈكلەرىم ئامان بارمۇ؟
باش يايلاقتا يايلىغان،
ئاتلارنى بېقىپ بەرگەن،
ئادۇندايلار ئامان بارمۇ؟
ئادۇندايلار ئامان بارمۇ؟
ئەجەب ئوبدان ئىكەن ئالتاي،
ئەجەب راهەت ئىكەن ئالتاي،
بۇ يىللاردا ئامان ئامان بارمۇ؟
بۇ راهەتلىك ئالتايدا،
ئۆرۈك، ئالما ئۆزى پىشقان،
ئۆزى پىشقان ئۆرۈك، ئالما،
ياغاچ-تاشلار ئامان بارمۇ؟
هاراق-شاراب ئىچىشكەن،
شام-چىراغلار ياندۇرغان،
ئۆيلەرىم ئامان بارمۇ؟
ئۆيلەرىم ئامان بارمۇ؟
مەنىڭكى ئۈچ بالام باردۇ،
كىچىگى دانىخان ئاتلىق.
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟
سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
يامۇلدا خېتىم قالدى،
مەنىڭكى ئۈچ بالام باردۇ،
ئىلىدا يەتىم قالدى.

---

⑭ تابا — تاۋار.
⑮ ئوخات — ئوقەت.
⑯ رىن سىن — خەنزۇچە «يات-ناتونۇش» (认生)
⑰ زەڭگە — مەنسەپ نامى.
⑱ شەنسىن — خەنزۇچە «ئەپەندىم» (先生)
⑲ شاڭگۇڭ — خەنزۇچە «يىللىقچى» (长工)
⑳ خېي ۋازا — خەنزۇچە «قارا بالا» (黑娃子) دېگەن مەنىدىكى لەقەم بولسا كېرەك.
㉑ پىۋازا — خەنزۇچە «مەسە» (皮袜子) بولسا كېرەك.
㉒ ئەگەچى — ئىگىچە، ئاچا، ھەدە.
㉓ توختاۋاق — ئەركىلەتمە ئىسىم، ئەسلى ئىسىم شەكلى «توختىخان» ياكى «توختىگۈل» بولسا كېرەك.
㉔ بەختاۋاق — ئەركىلەتمە ئىسىم، ئەسلى ئىسىم شەكلى «بەختىخان» ياكى «بەختىگۈل» بولسا كېرەك.
㉕ ساشقان — چاشقان.

بۇ ئالەمنىڭ بەگلىرى،
كىتاب ھۆكمەدە ئاڭلىسام ـــ
قىيامەتنىڭ سەگلىرى،
بەگلىرىم ئامان بارمۇ ؟
6. جېنىم خېنىم
ئىشىك ئالدىڭ قارىياغاچ،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بالتا㉖ سالسام تۆبى تاش،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بىر ياستۇقتا ئىكى باش،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئىككىلەسى قەلەم قاش،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا㉗.
ئىشىك ئالدىڭ مەيرۇنتال㉘،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
چەبەرىڭگە كىرسەممەن،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ھامرامزادە پايىكا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
بىر چىلىم تاماكا سال!
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى ـ سى ـ چىن ـ نا.
دەريا مۇنداق تاشارمۇ ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
تېشىپ لەبدىن ئاشارمۇ ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
جېنى قۇرغۇر ئاچىمبەل،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
يارىمغا يارىشارمۇ ؟
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا.
مەن بولاي شاغا، نۆكەر㉙،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئەرز ئايتسام قېنىم تۆكەر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئاغزى پىستە، لەبى شېكەر،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
كۆزى مەستانىغا يەتكۈر㉚،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا.
باردىم دەريا بويىغا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئولتۇردۇم سۇ ئىشكەلى،
جېنىم ـ خېنىم تۆرەممە،
شېرىن جانغا قەست قىلغان،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
شېرىن جاندىن كەتكەلى،
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا،
ئىشىك ئالدىڭ شاھ سۇپا،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
شاھلار كەلىپ ئوينىسۇن!
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
سەپەر كەتكەن يارىمنى،
جېنىم خېنىم تۆرەممە،
ئۇۋلىيالار㉛قولدىسۇن㉜!
جېنىم خېنىم تۆرەممە؛
مو ـ يا فار ـ دى سى ـ چىن ـ نا،

7

دۈشمەنلەر سۆيەلمەيدۇ،
سۆيگەننى كۆرەلمەيدۇ،
قولىغا پىچاق ئاپتۇ،
جان تاتلىق ئۆلەلمەيدۇ.
تاغ بېشىدا قاراغاي،
قاراغاي ئۇچىدا تورغاي،
ئەرىڭنى قوداي㉝ئۇرغاي،
سېنى ماڭا بۇيرىغاي !
بازاردىن ئالدىم ئانار،
ئۇزۇلەرى گۈل ـ گۈل يانار،
لەبلەرىڭگە سۆيدۇرسەڭ.
ئۇلسەم ئامنىم㉞قالار.
بازاردىن ئالدىم بىچاق㉟،
دەردىنىڭ يامنى چەچەك.
مانجۇ كۆڭنەك ئىچىدە،
جولاڭ قىلىدۇ ئەمچەك.

8

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئاڭا كۆيىدۇ بۇ جان.
كۆڭنىگە زاخا㊱ بەرمەڭ،
مەشۇقۇم تولا ئۇبدان.

---

㉖ بالتا ـــ پالتا.
㉗ مويا فاردى سىچىننا ـــ بۇ بەلكىم خەنزۇچە «ئوينايدىغان ئىشىم بار» (我要玩的事情呢) دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇشى مۇمكىن:
㉘ مەيرۇنتال ـــ مەجنۇنتال بولسا كېرەك.
㉙ شاغا، نۆكەر ـــ ئەمەل ناملىرى.
㉚ يەتكۈر ـــ يەتكۈز.
㉛ ئۇۋلىيا ـــ ئەۋلىيا.
㉜ قولدىماق ـــ قوللىماق.
㉝ قوداي ـــ خۇدا.
㉞ ئامان ـــ ئارمان.
㉟ بىچاق ـــ پىچاق.
㊱ زاخا ـــ ئازار.

تاغ بېشىدا ئۆيۈم بار،
قالماق بالىسىدۇرمەن.
يېڭى تۇتقان يارىمدىن،
قايداق ئايرىلاردۇرمەن.
مەنىكى㊲ئىكى يارىم بار،
كۆرمەككە ھەجەب چاققان.
مەست بولۇپ يىقىلغاندا،
بېشىمدىن يۆلەپ باققان.
ئاي يارىم خىيالىڭىز
ئاجانچا㊳ بۆرۈكمۇ㊴؟
كىچىكلىكتە ئوينىپ ئىدۇق،
ئەمدى پۇل يوقمۇ؟
كەكەنەكنىڭ㊵بالىسى،
ئالتۇن ئۇۋادا.
يارىم مەنى تونۇمايدۇ،
ئەسكى جۇۋادا.
ئەگىز㊶تاغنىڭ كۆلەڭگۈسى،
سايىنى تالىشۇر.
ياقىشى بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم،
ئوبدان يارىشۇر،
ئالتۇنىم يوق، كۈمۈشۈم يوق،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارىمنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە

9

قارا يورغامنىڭ بېرىدا،
قاناتلىق ئىدىم.
تاغدا كىك ياياق بولسا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.
قارا يورغامنى ئۆلتۈرگەن،
قارا قىل ئارغامچى.
ئەگەر-توقۇم يولدا قالدى،
بەلمىدە قامچى،
توسۇن ئاتقا يۈگەن سالدىم،
مىندىم، قارىلدىم㊷.
بۇ مەنىڭ شۇم تالىيىم،
ياردىن ئارىلدىم.

10

باراي دەسەم، بارمالىڭ دەيدۇ،
مەيلىم ئۈزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچى سوققان㊸بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچى سوققان يارنى،
كۆرسەتنىڭ بىزگە.
ئاتا-ئانامدىن رۇخسەت ئېلىپ،
قۇل بولاي سىزگە.
ھاراق دەگەن ئاچىق سۇنى،
چاغلاپ ئىشمەسمۇ؟
ئاتلار ئورۇق، يول يىراق،
ئۇۋال ئەمەسمۇ؟
قاشقار يولدا يۇمىلاق جۇۋان،
بىللە ماڭساقچۇ!
ئاتلار ئورۇق، يول يىراق،
مىنگىشىپ ئالساقچۇ!
ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
يۈك-تاق ئارتتىم يارىم.
ئوتىڭىزغا چىدىماي،
نەشە تارتتىم يارىم.
نەشە تارتىدۇ دەيدۇ،
بۇ ئەلنىڭ مالامەتى.
چىرايىمنى سېرىق دەيدۇ،
نەشەنىڭ ئالامەتى.

11

ئۇلاق توقۇدۇق، كەتتۇق،
سارغارغان سامانلارغا.
سەنىڭدەك ياخشىنى بەرمەس،
مەنىڭدەك بىر يامانلارغا.
سەن بارساڭ بېرىپ تۇرغىن،
ئارقاڭدىن يەتىشىرمەن.
يامان ئەرىڭدىن قورقساڭ،
خالىدا تېپىشارمەن.
يارىنىڭ بويى قۇرغۇيدەك،
لەبلىرى قىزىلگۈلدەك.
يار سالسا پىراقنى،
ساغاتۇ㊹سېرىق گۈلدەك.

12

قېشىڭ قارامۇ، قۇندۇز؟
كەچە بارايمۇ، كۇندۇز؟
كەچە بارسام سالامەت،
كۇندۇز بارسام مالامەت.
جان ئىچىدە جانان قىز،
يانغان ئوتنى ياققان قىز.
قاشلىرىڭ سەنىڭ مەربۇپ،
ئىشلىرى سۇلايمان قىز.
باقا بۇغداي تېرىسام،
بەلباققا كەلدى بۇغدىيىم.
ئۆرگەنىپ كەلگەن زاماندا،
ئارىپ㊺ ئەتتى خۇدايىم.

---

㊲ مەنىكى — مېنىڭكى.
㊳ ئاجانچا — ئەسلى «ئەنجانچە» بولسا كېرەك.
㊴ بۆرۈك — بۆك.
㊵ كەكەنەك — كۆكنەك، يەنى بىر خىل قۇش نامى.
㊶ ئەگىز — ئېگىز
㊷ قارىلماق — قايرىلماق. ئەگىلمەك.
㊸ سوقماق — ئۇرماق.
㊹ ساغاتۇ — سارغايتۇر.
㊺ ئارىماق — ئايرىماق.

چىغنى چىققا ئۇلۇسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغىدەك.
يېڭى يار كىشى تۇتسا،
سودايى[46] ئاغرىق بولغۇدەك.

13

يارنىڭ كۆڭنى لېچىندۇ[47]،
مەن ئۆزۈمنى غاز ئەتەي!
كىرپىمنى دولۋاي ئەتىپ،
تەمەمنى تەبلۋاز ئەتەي.
يارسىز ئۆمرۈم مەنىڭ.
مىڭ ياشسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتۇنىڭ ئالدىدا.
دوزاق ئۇشقۇنچا يوق.
بىگۇپا[48]بۇگۈن بارار،
تاڭنا ئۇنۇتار يارنى.
ئادەمنى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بۇرۇنقى سۆيگەن يارنى.
قارا قاشلار ئويناشۇر،
چىچى بەلگە تولغىشۇر.
چىقماڭ ئۆيدىن تاشقىرى،
ئاشقلار بىچاقلىشۇر.

14. نوزۇك

مانجۇ كاپىر ناكەس سەن،
سانجىپ پاتتى قولۇمغا.
قويۇپ ئەتسەڭ كەتمەن،
ئۆزەم كۆرگەن يۇرتۇمغا.
مانجۇ كاپىر ناكەس سەن،
كەلمەگىن مەنىڭ قېشىمغا!
كەلسەڭ مەنىڭ قېشىمغا،
قەس قىلارمەن جېنىڭغا.
بىر ئاتىدىن ئۈش قىز ئىدۇك،
ئەڭ كىچىگى مەن ئىدىم.
ئوغۇل بولساڭ ئالىم بولغان،
توقسان كىتاب ئوقۇغان ئىدىم.
تاغدىن تۇشكەن[49]تۆرت ئاتلىق،
تۆرتىلەسى بوز ئاتلىق.
تۆرتىلەنىڭ ئىچىدە،
مەنىڭ ئاتام سۇمباتلىق.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
بۇزۇلغان ساراي.
شۇ يەردىن تۇرۇپ شەرەت قىلىڭ،
مەن قېچىپ باقاي.
ئاقىرىپ تۇراتىكەن،
ئاق مازىرىڭىز.
زارىقىپ تۇرۇپتۇ،
نوزۇك بالىڭىز.
ئاتام بىلەن ئانام مەنىڭ،
قايدىن مەنى تاپىدۇ[50]؟
شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسەم،
قۇمدىن تاپامدۇ.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مەنىڭ ھالىمنى.
جېنىم بىلۇر، تەنىم بىلۇر،
سارغارغىنىمنى.

15

دەردىنىڭ تولسى كەتتى،
مەن ئېتىمنى ساتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى،
قىيامەتتە تارتمايمەن.
يولۇڭ مىڭنىڭ يولى بولسا،
خىيالىم سەندە تۇرمامدۇ؟
بۇ يولنىڭ يىرىقىدا،
ئېتىم ياخشى بولمامدۇ؟
يار دەسەم ئېچىلمايسەن،
مەيدەڭدە تۆمۈر بارمۇ؟
ئاخشاملىققا كەل دەيسەن،
خالىدا ئۆيىڭ بارمۇ؟
چېچىڭ نەمە ئۆسمەيدۇ،
ئىسسىق سۇدا يۇمايسەن.
ئىنىڭ [51]ئۈچۈن ئۆسمەيدۇ،
جولاڭ [52] قىلىپ تۇرمايسەن.
بېغىڭغا كىرىپ بارساڭ،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەب شاخلىق.
تۇشۇمگە كىرىپ قاپسەن،
مەشۇقۇم تىلى تاتلىق.

---

[46] سودايى — سەۋدايى.
[47] لېچىن — لاچىن.
[48] بىگۇپا — بىۋاپا.
[49] تۆشمەك — چۈشمەك.
[50] تاپىدۇ — تونۇيدۇ.
[51] ئېنىڭ — ئۇنىڭ.
[52] جولاڭ — جالا، يەنى ئاياللارنىڭ چېچىغا قوشۇپ ئۆرۈش ئۈچۈن قارا مەشۇتتىن ئىشلەنگەن يىپ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: **نىجات سوپى** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پوستدوكتورلار كۆچمە پونكىتىدىن، دوتسېنت، دوكتور)

ئۆتكەن زاماندا بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى يۇرتنى ناھايىتى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئۆتكەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ ئوردىسىدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار شاھنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن. بولۇپمۇ، پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى دانا، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنى ئۆز قېرىندىشىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ خانىشى بىلەن ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئايالى بىر كۈندە كۆزى يورۇپتۇ. يېڭى دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىككى پەرزەنتلەر ئوغۇل بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى بالا يۈزى كۆرمىگەن پادىشاھ خۇشاللىقىدىن ئىككىلا ئوغۇل ئۈچۈن ئوردىدا چوڭ توي-تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوغلىنى قانداق تەربىيەلىگەن بولسا، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىمۇ شۇنداق تەربىيەلەپتۇ. باللار ساغلام چوڭ بوپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ھەر خىل بىلىملەردىن ساۋاق ئېلىشقا باشلاپتۇ. 20 ياشقا تولغىچە نۇرغۇن ماھارەت ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئەقىل-پاراسەتتە يېتىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئىككى ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ: «ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئاتا-ئانىمىزنىڭ تەربىيەسىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىدۇق، ئەمدى ئۆگەنگەنلەرنى ئىشلىتىپ كۆرۈش ئۈچۈن جاھان كېزىپ كېلەيلى» دېيىشىپتۇ. ئۇلار پادىشاھقا ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلىپتۇ. شاھ ئوغۇللىرىنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، يىراق يول خەتەرىدىن قورقۇپ نېمە دېيىشنى بىلمەي قاپتۇ. ئاخىر ئوغۇللارنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويغۇسى كەلمەي، ئىلاجسىز قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ ۋە:

— سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم. سالامەت قايتىپ كېلىڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار، — دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

ئوغۇللار سەپەر تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، نۇرغۇن نەۋكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىقىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى يۈرەكلىك، جەبداس چوڭ بولغانىكەن، شۇڭا ئۇ ئۆزلىرىنى ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان نەۋكەرلەرنى ئوردىغا قايتۇرۇپتۇ. ئىككى ئوغۇل ئۆزلىرى يالغۇز يولنى داۋالاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ماڭا-ماڭا بىر كۈنى كەچ بولغاندا بىر ئورمانلىققا كېلىپ قونماقچى بوپتۇ. ئېتىنى ئوتلاققا باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى قورساقنى توقلاپ ئۇخلىماقچى بوپتۇ. شاھزادە كىچىكىدىن تارتىپ قورقۇنچاق بولغاچقا، ئادەمسىز ئورمانلىق ئىچىدە قورقۇشقا باشلاپتۇ، دوستىنىڭ نەۋكەرلەرنى قايتۇرۇۋەتكىنىگە ئۆز



كۆنۈپتۇ ۋە ئىچىدە ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئاچچىقى كەپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا ئورمان ئىچىدە بىر ئاۋاز پەيدا بوپتۇ، ئۇ ئاۋاز بارا - بارا يېقىنلاشقا باشلاپتۇ. ئىككى يىگىت چاققانلىق بىلەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ئۇلار سىنچىلاپ قارىغانىكەن، كېلىۋاتقان يوغان بىر ئەجدىھا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدا نۇر يېغىپ تۇرغان بىر جۈپ گۆھەر بار ئىكەن، ئەجدىھا ئۇلار بار دەرەخ ئاستىغا كېلىپ، ئاغزىدىكى گۆھەرلەرنى يەرگە قويۇپ، باغلاقلىق ئاتنى يەۋېتىپتۇ، ئاندىن دەرەخ ئاستىدا ئۇخلاپتۇ. ئۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ۋەزىر ئوغلى دەرەختىن چۈشۈپ، گۆھەرلەرنى ئېلىپ، ئەجدىھانى قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن شاھزادىنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ، خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، خاتىرجەم قىپتۇ. بىراق، شاھزادە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ھەدېسە ئوردىغا قايتىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر ئوغلى بولسا، ئەجدىھا ماكانىنىڭ سىرىنى ئۇقۇپ ئاندىن قايتىپ كېتىشنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە ئاخىر ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ.

ئۇلار تاڭ ئېتىشى بىلەن ئورماننى بويلاپ، ئەجدىھانىڭ كەلگەن ئىزى بويىچە بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. قارىسا، كېچىدىكى ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقى دەريانىڭ لېۋىدىكى سۇغا چىلاقلىق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر ئوغلى، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، دەپ سۇنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قاراپ باقماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە بۇ كۆز يەتمەس چۆلدە يالغۇز قېلىشقا قورقۇپ، قوشۇلماپتۇ، ۋەزىر ئوغلى:

— سۇ ئاستىغا چۈشۈپلا قايتىپ چىقىمەن، سىنى ھەرگىز ساقلىتىپ قويمايمەن، — دەپ يېلىنىپتۇ. شاھزادە ئامالسىزلىقتىن ماقۇل بولۇپ، دەريا بويىدا قاپتۇ.

ۋەزىر ئوغلى گۆھەرنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنى سۇغا تاشلاپتۇ. ئۇ ھەيۋەتلىك بىر دەرۋازا ئالدىغا چۈشۈپتۇ. يىگىت ھەيران بولۇپ دەرۋازىنى ئېچىپ كىرگەنىكەن، قىرىق پەلەمپەيلىك بىر راۋاققا كۆزى چۈشۈپتۇ. يىگىت ھەيران بولۇپ راۋاق ئۈستىگە چىقسا، 18 ياشلار ئەتراپىدا بىر قىز سېھىر قىلىنغان قىياپەتتە ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ساندۇق بولۇپ، قىز بىردەم ساندۇققا، بىر دەم بالىغا قاراپ زۇۋانىغا كېلەلمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىگىتنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كېلىپ، ئۇنىلۇك ھالدا «ئەجدىھا ئۆلدى» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ گەپتىن كېيىن قىزنىڭ ساراسىم ئىچىدىكى قىياپىتى خاتىرجەم ھالەتكە كەپتۇ ۋە يىگىتكە قاراپ:

— سەن كىم؟ ئەگەر سەن جىن ئەمەس، ئادەم بولساڭ تېز چىقىپ كەت! مەن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، ئۇزاق يىلدىن بېرى بۇ تىلسىماتتا ئەجدىھانىڭ ھۇجۇمىدىن تىرىك جان چىقىپ كېتەلمىگەن. سەن كىچىككىنە جېنىڭ بىلەن قانداق ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيسەن؟ — دەپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە دەريا سىرتىدا دوستىنىڭ ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ «ئەجدىھا ئۆلدى» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ بەنت قىلىنغان ھالىتىدىن ئەسلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى، باشقا ۋاقىتتا بولسا، ئەجدىھانىڭ بىر ئەپسۇن ئوقۇشى بىلەن ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە خاتىرجەم بوپتۇ.

قىز ئەسلىدە سۇ ئۈستىدىكى «گۈزەل ئاۋات» شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى بولۇپ، ئالاھىدە قورشالغان چارباغ ئىچىدە ئويناۋاتقىنىدا، بىر قۇيۇن كېلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، مانا مۇشۇ ماكانغا بەنت قىلىنغانىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ قىزغا ئىچى ئاغرىپتۇ.

— سىز ھازىرغىچە ئەجدىھا بىلەن بىرگە ياشىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت. قىز:

— ئەجدىھا مېنى بۇ جايغا ئەكەلگەندىن بېرى ماڭا چېقىلغىنى يوق. بىراق، سىز مېنى ئازاد قىلدىڭىز، — دەپ يىگىتكە رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە سۆز ئارىلىقىدا ھېلىقى ساندۇق بىلەن يىگىتنىڭ قولىدىكى گۆھەردىن

كۆزىنى ئۈزەلمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «بۇ خىسلەتلىك گۆھەرنى يىگىت ئېلىپ چىقىپ كەتسە، مەن سۇ ئاستىدا يالغۇز قېلىپ ئۆلەرمەنمۇ؟ بۇ زادى ياخشى نىيەتلىك ئادەممىدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. يىگىت بولسا قىزنىڭ جامالىغا قاراپ «بۇ قىز دوستۇم شاھزادىگە تازا لايىق ئىكەن. مەن سۇ ئۈستىگە چىقىپ دوستۇمنى ئېلىپ چۈشۈپ، ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ، ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ قويسام، ئۇلار بۇ يەردە بىللە تۇرۇپ تۇرسا، مەن شەھىرىمىزگە بېرىپ شاھ ئاتامغا مەلۇم قىلسام، ئاندىن بۇ تىلسىمات ئىچىدىكى ھەددى ـ ھېسابسىز دۇنيالارنى ئېلىپ كەتسەك» دەپ ئويلاپ، قىزغا:

— ئەي مەلىكەم، مەن سۇ ئۈستىگە چىقىپ دوستۇم شاھزادىنى سۇ ئاستىغا ئېلىپ چۈشەي، سىز بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ. ئاندىن ھېلىقى خاسىيەتلىك ئىككى گۆھەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

دەريا بويىدا يالغۇز قالغان شاھزادە «دوستۇم چىقمىدى، ئەمدى يالغۇز قالىدىغان بولدۇم» دەپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغىنىدا، سۇ ئۈستى يېرىلىپ ئاغىنىسى پەيدا بوپتۇ. ۋەزىر ئوغلى:

— دوستۇم، كەچۈرگىن، مەن كېچىكىپ قالدىم. مەن سېنى ئالغىلى چىقتىم، قالغان ئىشنى كېيىن بىلەسەن، — دەپتۇ ـ دە، قولىدىكى گۆھەردىن بىرنى ئۇنىڭغا بېرىپ، بىرلىكتە سۇغا سەكرەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سۇ يېرىلىپ بۇلارغا يول بېرىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بۇلار ھېلىقى قىز بار راۋاقنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرغان، بۇنى كۆرۈپ دوستىدىن گۇمانلىنىپتۇ، لېكىن ئېغىزىدىن چىقارماپتۇ.

قىز بولسا، بىئاراملىق ئىچىدە ھەسرەت چېكىپ، «ئىككى تال گۆھەردىن ئايرىلدىم، ئەمدى سۇ ئاستىدا تۈگىشىدىغان بولدۇم» دەپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغاندا، بۇ ئىككى يىگىتنىڭ پەيدا بولغىنىدىن بەك خۇشال بوپتۇ.

ئىككى يىگىت بىر نەچچە كۈن شۇ سارايدا تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى ۋەزىر ئوغلى شاھزادە بىلەن قىزغا مۇنداق دەپتۇ:

— جان ـ جىگەر دوستۇم شاھزادە، ھۆرمەتلىك مەلىكە، ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا تازا لايىق كېلىسىلەر، ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ يېقىن دوستۇڭلار سۈپىتىدە ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويسام، سىلەر مۇشۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرساڭلار، مەن شاھ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزسەم، ئاندىن شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئادەم ئېلىپ كېلىپ بۇ بايلىقلارنى ئۆز يۇرتىمىزغا ئېلىپ كەتسەك.

شاھزادە ۋە قىز ۋەزىر ئوغلىنىڭ پىكرىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىر ئوغلى ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۆزى بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ سۇ ئۈستىگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن توختىماي يول مېڭىپ شاھ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ خەۋەرنى شاھقا مەلۇم قىلىپتۇ.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ، شاھزادە بىلەن مەلىكىنى ھەم بايلىقلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى سۇ ئاستىدا قالغان شاھزادە بىلەن قىزدىن ئاڭلايلى:

بىر كۈنى قىز شاھزادىگە «سۇ ئۈستىگە چىقمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ. بۈگۈن يورۇق دۇنيانى كۆرۈپ چاچلىرىمنى تاراپ چۈشسەم» دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ.

قىز بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ سۇ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇ قەپەستىن چىققان قۇشتەك يايراپ، يورۇق جاھاندىن ھۇزۇرلىنىپتۇ. قولىدىكى گۆھەرنى دەريا بويىدىكى قۇمغا پاتۇرۇپ قويۇپ، چاچلىرىنى تاراشقا باشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا يېنىدا چىرايلىق بىر كېيىك بالىسى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. قىز ئەتراپىقا قارىغۇدەك بولسا

يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقلار مۇشۇ تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتقۇدەك، قىز بۇنى كۆرۈپ قولىدىكى گۆھەرنى ئېلىپ ئۆزىنى ئارانلا سۇغا تاشلاشقا ئۈلگۈرۈپتۇ، ئەمما بۇ ھەقتە شاھزادىغا ئېيتماپتۇ.

ھېلىقى ئاتلىقلار بولسا، يەر ئۈستىدىكى بىر قانچە يۇرتنى سورايدىغان بىر زالىم پادىشاھنىڭ ئەركە ئوغلى بولۇپ، شۇ كۈنى شىكارغا چىققانىكەن. ئۇ ھېلىقى كېيىك بالىسىنى قوغلاپ ئۇدۇل دەريا بويىغا يېتىلىپ بېرىپ قاپتۇ، قارىسا، بۇ چۆلدە چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرغىدەك، ئۇلار كەلگۈچە قىز كۆزدىن غايىپ بولغان. ئۇ، بۇ قىزنى يەنە كۆرۈش مەقسىتىدە ھەر كۈنى دەريا بويىغا كېلىپ يېتىۋاپتۇ. ئۇ پۈتۈن شەھەرگە بۇ پەرىزاتنى تېپىپ بېرەلىگەن ئادەمگە خەزىنىدىن ناھايىتى كۆپ دۇنيا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بۇ شەھەردە بىر قېرى جادۇگەر خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ ئىكەن. بۇ جادۇگەر «يىراق بىر ئورمانلىقتا يوغان باشلىق ئەجدىھا بولۇپ، ئۇ داۋاملىق چىرايلىق قىزلارنى ئېلىپ قاچىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىكەن. گۆھەر ئەنە شۇ ئەجدىھانىڭ خىسلەتلىك كۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن، ئۇنىڭ بىر ساراڭ ئوغلى بولۇپ، داۋاملىق جاڭگاللاردا يۈرىدىكەن.

بايلىقنى جېنىدىن ئەتىۋار بىلىدىغان بۇ جادۇگەر خوتۇن شاھ سارىيىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ ۋە بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ:

ــ بۇ بەلكىم شۇ ئەجدىھا ئېلىپ كەتكەن قىز بولۇشى مۇمكىن. سىلەر ماڭا قىرىق ئادەم قوشۇپ بېرىڭلار، دەريا بويىدا مۆكۈپ يېتىپ قىزنىڭ چىقىشىنى كۈتىمىز، چىقىشى ھامان تۇتۇپ ئېلىپ كېلىمىز، ــ دەپتۇ. پادىشاھ جادۇگەر مومايغا قىرىق ئادەم قوشۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئورمانغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە سۇ ئاستىدىن ئاڭلايلى:

بۇ ئارىلىقتا بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپتۇ. قىزنىڭ يەنە سۇ ئۈستىگە چىقىش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئۆتكەن قېتىم تېزلا قايتىپ كىرگەنلىكىنى بىلگەچكە، قىزنىڭ رايىغا بېقىپ ئۇنىڭ سۇ ئۈستىگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ. قىز سۇ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ ھېچ قانداق شەپىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بوپتۇ. قولىدىكى گۆھەرنى قۇمغا پاتۇرۇپ قويۇپ، دەريا بويىدا يۇمران چاچلىرىنى تاراشقا باشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان جادۇگەر بىر شەرەت قىلىش بىلەن نەۋكەرلەر قورشاپ كېلىپ قىزنى تۇتۇۋاپتۇ. قىز بولسا گۆھەرنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. گۆھەر جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار قىزنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە زالىم شاھنىڭ ئەركە ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. قىز سۇ ئاستىدىكى شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ ئازابلىنىشقا باشلاپتۇ.

شۇ كۈنى ۋەزىر ئوغلى سۇ ئاستىدىكىلەرگە بالدۇرراق خەۋەر يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقانلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ماڭغانىكەن. ئۇ ئورمانلىقنىڭ چېتىگە كەلگىنىدە نۇرغۇن ئات بىلەن ئادەم ئىزلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر خەتەرلىك ئىشنىڭ بولغانلىقىنى سېزىپ، ئاتلىقلار ماڭغان ئىزنى بويلاپ ئۇدۇل شەھەرگە كىرىپتۇ. بىر كۈن كەچكىچە شەھەرنى ئارىلاپ بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالماي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، بىر مۆتىۋەر كىشى يولۇقۇپتۇ. يىگىت سالام بېرىپتۇ.

ــ سەن بۇ يەرگە مۇساپىردەك قىلىسەن؟ نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى يىگىتتىن. ۋەزىر ئوغلى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ:

ــ دەريا بويىدىكى ئەنسىزچىلىك ئالامەتلەر توغرىسىدا بىرەر نەرسە ئۇقتىلىمكىن؟ ــ دەپ سوراپتۇ يىگىت، ھېلىقى كىشى ئۇ يەردىن تۇتۇپ كېلىنگەن قىز توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر ئوغلى ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ ۋە قىزنى قانداق قۇتقۇزۇش توغرىسىدا ھېلىقى كىشىدىن مەسلەھەت سوراپتۇ. مۆتىۋەر كىشى جادۇگەر موماينىڭ بىر ساراڭ ئوغلىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ ساراڭنىڭ ئانىسىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى بىلەن ئوردا ئىچىگە خالىغانچە كىرىپ چىقىدىغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ

بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ ساراڭنىڭ قىياپىتىدە كىرىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. يىگىت بۇ چارىنى توغرا تېپىپتۇ. مۇتتەۋەر كىشى ۋەزىر ئوغلىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ بىر-ئىككى كۈن تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ساراڭنىڭ قىلىقلىرىنى ئەينەن دورىيالايدىغان قىلىپ ئۆگىتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ساراڭنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشاش كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ، چىراي-شەكلىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپتۇ. بۇ ئىشلار پادىشاھ ئوردىسىدىكى توي ۋاقتىغا توغرا كەپتۇ.

ۋەزىر ئوغلى ئالدى بىلەن جادۇگەرنىڭ قولىدىكى گۆھەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. جادۇگەر موماي «ئوغلى» غا ئاۋۋالقىدەكلا بىپەرۋا قاراپتۇ. ئۇ بىر قاچا تاماقنى «ئوغلى» نىڭ ئالدىغا ئەكەلگەنىكەن، «ساراڭ» يىگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ ۋە گۆھەرنى قويغان ساندۇقنى كۆرسىتىپتۇ. جادۇگەر موماي، بالامنىڭ كېسىلى ساقىيىپ قالغان ئوخشايدۇ. ياخشى نەرسىلەرنى بىلگۈدەك بوپتۇ، دەپ خۇشال بولۇپ ساندۇقنى ئېچىپ بېرىپتۇ. بالا ساندۇقتىكى گۆھەرنى قولىغا ئېلىپ، خۇشال بولغان قىياپەتتە ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ، يۇگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. «ساراڭ» شۇ يۈگۈرگىنىچە توي بەزمىسى قىزىۋاتقان ئوردىغا توسالغۇسىز كىرىپ، كىيىملىرىگە ئېسىۋالغان تۇمۇر-تەسەكلەرنى جالدىرلىتىپ، غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلاپتۇ. تويدىكى پۈتۈن ئادەم ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن كۈلۈپ ھالىدىن كېتەي دەپتۇ.

قىز بولسا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ قىزىقچى ساراڭغا گۇمان نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. «ساراڭ» ھەر خىل قىلىقلار ئارقىلىق ئىما-ئىشارەت قىلىپ قىزغا ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. «ساراڭ» ئۆزىنىڭ كىيىمدەك بىر قۇر كىيىمنى قىزغا تاشلاپ بېرىپتۇ ۋە مۇشۇ كىيىملەرنى كىيىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىشنى ئېيتىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ دېگىنى بويىچە كىيىنىپ، پۇرسەت تېپىپ، ساراڭ بالا قىياپىتىدە ئوردىدىن سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن تىنچ-ئامان دەريا بويىغا بېرىپتۇ ۋە گۆھەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن سۇ ئاستىغا چۆشۈپتۇ.

سۇ ئاستىدىكى شاھزادە بولسا، «ھە، بۇ ئىككىسى تىل بىرىكتۈرۈپ، بىردىن گۆھەرنى ئېلىپ سۇ ئۈستىگە چىقىپ كېتىشنى پىلانلىغانىكەن» دېگەن گۇمان بىلەن ئازاب ئىچىدە ماغدۇرىدىن كېتىپ ياتقانىكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە يەنە سۇ ئاستىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ «بەلكىم شاھ ئاتام مېنىڭ دېرىكىمنى قىلغاچقا ئامالسىز كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن خىيالغا كېلىپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۈچۈمنى ئالىمەن، ئالدى بىلەن سۇ ئۈستىگە چىقىۋالاي، دەپ ئويلاپ بۇلارغا بىلىندۈرمەپتۇ.

ۋەزىر ئوغلى شاھزادىنى كۆيۈمچانلىق بىلەن ئوبدان كۈتۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ ھەم ئۆتكەن ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە پات ئارىدا پادىشاھ سارىيىدىن ئادەم كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز بىلەن بۇ تىلسىمات ئىچىدىكى پۈتۈن دۇنيالارنى يىغىشقا باشلاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شاھ ئوردىسىدىن نۇرغۇن ئادەم يېتىپ كەپتۇ. ئىككى گۆھەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلار تىنچ-ئامان دۇنيالارنى ئېلىپ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر ئوغلىنىڭ دوستلۇق ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، شاھزادە بىلەن قىزنىڭ توينى قىلىپ بېرىپتۇ. پۈتۈن يۇرت قىرىق كېچە-كۈندۈز توي ئويناپتۇ.

شاھزادە بىلەن قىز ئايرىم ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. شاھزادە بىلەن ۋەزىر ئوغلىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى ئېشىپتۇ.

ۋەزىر ئوغلىنىڭ شاھزادىگە نىسبەتەن كۆيۈمچانلىقى يۇقىرى بولغاچقا، ئۆز ئۆيىدە خاتىرجەم يېتىپ ۋېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن، ئۇ ھامان دوستىغا بىرەر بالا-قازانىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن، شۇڭا داۋاملىق قىز-يىگىت ھۇجرىسى ئالدىدا ئۇخلىماي كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن.

بىر كېچىسى تۈن يېرىم كېچە ھەرگىلىدە، ئۇ بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن شاھزادە بىلەن مەلىكىنى

ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئارقىدىن ماراپ كىرىپ، ھېلىقى
تۇكلۇك مەخلۇقنىڭ زەھەرلىك نەشتىرىنى قىزغا سانجىماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە،
ئۇنىڭغا ئۆتكۈر خەنجىرىنى ئۇرۇپتۇ، شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بىر تامچە قېنى ئۇيقۇدا
ياتقان قىزنىڭ مەڭزىگە تېمىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ۋەزىر
ئوغلى ھېلىقى بىر تامچە قاننى تىلى بىلەن تېزلا يالاپ ئاپتىكەن، ئۆزىنىڭ تىلى قېتىشقا باشلاپتۇ،
ئۇ ئەمدىلا ئارقىغا يېنىپ چىقىپ كېتەي دېيىشىگە شاھزادە ئويغىنىپ كېتىپتۇ ـ دە، دوستىنىڭ ئۆزلـ
رىنىڭ بېشىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، «بۇ ئەزەلدىن مېنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلاپ ھەر
خىل ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ئۆلتۈرەلمىگەنىدى. ئەمدى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كېچىدە مېنىڭ ھۇجـ
رامغا كىرىپتۇ» دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، بۇرۇنقى گۇمانلىرىنىڭ توغرا چىققانلىقىنى ئېيتىپ، دوسـ
تىنىڭ پۈتۈن قىلغان ياخشىلىقلىرىنى يوققا چىقىرىپتۇ.

مەلىكە پۈتۈنلەي تەتۈرسىگە بولۇۋاتقان گەپلەرگە ھەيران بولۇپ قېتىپلا قاپتۇ. چىن دوستـ
لۇقىنىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ بولغان ۋەزىر ئوغلى پۈتۈن ساداقىتىنى پاكىتى بىلەن
سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

ۋەزىر ئوغلى بۇ ۋاقىتتا تىزىغىچە تاشقا ئايلىنىپ بوپتۇ. شاھزادە بولسا، تېخىچە غەزىپىدىن
يانماپتۇ. ۋەزىر ئوغلى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا شاھزادىنى غايىبتىن كەلگەن ئاخىرقى بالا ـ قازادىن
ساقلاپ قالغانلىقىنى، دوستلۇق قەرزىنى ئاخىرىغىچە ئادا قىلغانلىقىنى دەپ ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ئۆـ
لۈكىنى كۆرسىتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن شاھزادە ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ، پۇشايمان ئىلكىدە كۆـ
زىگە ياش ئالغان ھالدا ۋەزىر ئوغلىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ۋەزىر ئوغلى دەپتۇكى:

— سەن مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇڭ ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىپ يەتكەن بولساڭلا مەن سەندىن
رازى. ئەمدى ئامال يوق، مەن تاشقا ئايلىنىپ بولاي دېدىم. مېنى خىلۋەت تاغقا ئاپىرىۋېتىڭـ
لار، ئەگەردە مەن بىلەن قايتا دىدار كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلىدىغان بولساڭلار، مەن سىلەرگە
بۇنىڭ ئامالىنى ئېيتىپ بېرەي: سىلەر يەنە بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈسىلەر،
بالاڭلار ئالتە ئايلىق بولغاندا، ئېلىپ بېرىپ مېنىڭ ئوڭ مۈرەمگە بوغۇزلاڭلار، ئەنە شۇ چاغدا
قايتا دىدار كۆرۈشىمىز، — دەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى تاشقا ئايلىنىپ بوپتۇ. شاھزادە
دوستىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى بىر تاغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

دېگەندەك بىر يىل بولغاندا شاھزادە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ، شاھزادە بىلەن مەلـ
كە مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىنى جېنى بىلەن قوغداپ كەلگەن دوستىنىڭ ھەقىقىي چىن ساداقىتى
ئۈچۈن بالىسىنىڭ مېھرىدىن ۋاز كېچىپ، دوستىنىڭ مۈرىسىگە بوغۇزلاپتۇ. بالىنىڭ ئىسسىق قېنى
پۈتۈن بەدىنىگە ئېقىپ چۈشكەندىن كېيىن ۋەزىر ئوغلى ئەسلىگە كەپتۇ.

شاھزادە دوستىنى تولۇق چۈشىنىپ، دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن قىلغان خاتالـ
قىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە:

— مەن ئەمدى ساڭا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشىلىق قىلىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

ئۇلار چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە قىزنىڭ يۇرتى «گۈل ئاۋات» شەھرىگە بېرىش ئۈچۈن
يولغا چىقىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھاشىم ئاخۇن
توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم
1965 ـ يىلى توپلانغان



ئەنۋەر مۆمىن

# مۇھەررىرلەر دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشى كېرەك

دەۋرنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئوقۇرمەن-
لەر ساپاسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە
ئەگىشىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتى دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىگىلىدى. رايونىمىزدىكى
ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كې-
لىۋاتقان تەرجىمانلىرىمىزمۇ خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەي-
دۇ، ئەدەبىي تەرجىمانلارغا قويۇلۇۋاتقان تەلەپ ئىزچىل
يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ ياشلىشى-
شىغا ئەگىشىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان تەرجى-
مانلار ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەر مۇھەر-
رىرلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىمۇ كۆپىيىپ بارماقتا. ئۇن-
داقتا تەرجىمە ئەسەر مۇھەررىرلىرى قانداق يېڭى مەسىلە-
لەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ؟ دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگى-
رىلىيەلەيدىغان مۇھەررىرلەردىن بولۇش ئۈچۈن يەنە
قانداق كەسپىي ماھارەتلەرنى ھازىرلاش زۆرۈر؟

1. مۇھەررىرلىك خىزمىتى، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجى-
مە مۇھەررىرلىكى ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت. شۇڭا بۇ
كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلىغانىكەنمىز، جاپا-مۇ-
شەققەتكە چىدامىلىق بولۇشىمىز بىرىنچى شەرت. ھازىرقى
ياشلار جاپا تارتىشنى خالىمايدۇ، ئاسانلا نەتىجە قازىنىش-
نى ئىزدەيدۇ. ئەگەر سىزمۇ شۇنداقلاردىن بولسىڭىز، مۇ-
ھەررىرلىك خىزمىتىدىن كەچكىنىڭىز تۈزۈك.

2. تەھرىرلىك يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرىدىغان
خىزمەت ئەمەس. قايسىبىر ژۇرنالدىكى «شەيتان لۇ-
غەت»تىن مۇھەررىرلىككە بېرىلگەن ئىزاھاتنى كۆرۈپ
كۈلۈپ كەتكەنىدىم.

مۇھەررىر — ئۆزى يازمايدىغان، يازغانلارنى خالى-
غىنىچە يازغىلى قويمايدىغان ئادەم.

بۇ سۆز گەرچە چاقچاقتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئىنتا-
يىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. مۇھەررىر شۇنداق بولۇشى،
خىزمىتىگە شەخسىي غەرەز ئارىلىشىپ قالماسلىقى ياكى
يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرماسلىقى كېرەك. خالىغانچە ياز-
غىلى قويماسلىق ھەرگىز خاتا ئەمەس، خاتا بولىدىغىنى
خاتالىق يۈز بېرىشكە يول قويۇش، خالىغىنىنى يازغىلى
قويۇشتۇر. شۇنداق بولمايدىكەن، بەزى خاتالىقلارنى
سادىر قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنالماي قېلىشى مۇمكىن. مەسى-
لەن، ئىلگىرى باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ بولغان
تەرجىمە ئەسەرلەرنى قايتا ئېلان قىلىش، داڭلىق تەرجىمان-

لارنىڭ تەرجىمە سەۋىيەسىگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، ئەسەرنى ئەستايىدىل تەھرىرلىمەسلىك قاتارلىقلار. پەقەت داڭلىق تەرجىمانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشلىتىپ، ئەدەبىي تەرجىمىدە ئىزدىنىۋاتقان ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئېتىبار بەرمەسلىك. بۇنداق ئەھۋالنى يوق دەپ ئېيتالمايمىز. بۇنداق قىلىش ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغان ھەۋەسكارلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكەنلىك بولۇپ، ئۇلاردا ئەدەبىي تەرجىمىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك كەسىپتىن ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

ئەدەبىي تەرجىمە مۇھەررىرلىرى ئەدەبىي تەرجىمانلار (پېشقەدەم ياكى ھەۋەسكارلار) بىلەن ھەرقانداق شەخسىي غەرەز ياكى مەنپەئەتتىن خالىي بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، ھەۋەسكارلارنىڭمۇ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىشىغا بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

3. ئەستايىدىللىق مەسىلىسى. ئەدەبىي تەرجىمە مۇھەررىرلىكى ھەرقانداق مۇھەررىرلىكتىن بەكرەك ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ گەرچە بۇرۇندىن سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلە بولسىمۇ، ياش تەھرىرلەر يەنىلا ئەمەل قىلىپ كېتەلمەيۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا بىز ھەر بىر پارچە تەرجىمە ئەسەرنى قولىمىزغا ئالغان چېغىمىزدا، ئەڭ ئاۋۋال ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىمىز، ئەسەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشىمىز، ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. شۇندىلا ئەسەرنى تەھرىرلىگەندە، تەرجىمان تولۇق ئىپادىلىيەلمەي قالغان قىسمىنى تولۇقلاشقا، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز. ئۇنداق بولمىغاندا بەلكىم تەرجىماننىڭ ئەسلىي ياخشى چىققان تەرجىمە ئەسىرىنىمۇ بۇزۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى مۇكەممەل ئىنسان بولمىغىنىدەك، ھەر ئادەمنىڭ بىلىم دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ، ھەممە ئەدەبىي تەرجىماننىڭ ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى مۇتلەق توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىشى ناتايىن، شۇڭا تەرجىمە ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە چوقۇم ئەستايىدىل بولۇش كېرەك.

4. تەرجىمە ئەسەر مۇھەررىرلىرى تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇھەررىرنىڭ پەقەت خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تىلىنىلا پىششىق بىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى ھازىر ئۇيغۇر ياشلىرىمىز ئارىسىدا خېلى كۆپ ساندىكى ئەدەبىي تەرجىمە ھەۋەسكارلىرى بىۋاستە ئىنگلىز، رۇس، ياپون تىلىدىكى ھېكايە-پوۋېستلارنى تەرجىمە قىلالايدۇ. ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ بۇ چەت ئەل تىللىرىدىكى بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى قىلالايدىغان كۆپ قىرلىق تەرجىمانلارنى تولۇق سەپلەپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بۇ ھازىرقى تەرجىمە مۇھەررىرلىرى دۇچ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئەمەلىي مەسىلە، شۇڭا ياش مۇھەررىرلەر چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك.

5. مۇھەررىرلەر ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىشنى چوقۇم بىلىشى كېرەك. مۇھەررىرلەر ئارىسىدا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىشنى بىلمەسلىك مەسىلىسى خېلى ئېغىر. بۈگۈنكى دەۋر دۇنياۋىلىشىش، يەر شارىلىشىش سۆزلىنىۋاتقان، ئىلغار پەن-تېخنىكا گۈللەنگەن، ئىنتېرنېت تورى ئومۇملىشىۋاتقان دەۋر. شۇڭا بۇ ئەۋزەل شارائىتتىن، ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىشىمىز، ئۇنى تەھرىرلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، تېخىمۇ سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشىمىز كېرەك. ھازىر نۇرغۇنلىغان ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەر بارلىققا كەلدى. بۇ بىزگە تېخىمۇ قولايلىق خىزمەت شارائىتى ھازىرلاپ بېرىدۇ، ئەمما ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلىنىشنى بىلمىگەن مۇھەررىر بۇنى ئىشلىتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئىلگىرىكى پېشقەدەم مۇھەررىرلىرىمىزمۇ كومپيۇتېر يوق چاغلاردىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى تەھرىرلەپ چىقالىغانغۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ھازىر زامان تەرەققىي قىلدى ھەم ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا، شۇنداق ئىكەن مۇھەررىرلەرمۇ زامانغا ماسلىشالايدىغان، ھەرقانداق ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلىنالايدىغان، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

مۇھەررىرلىك خىزمىتى مەڭگۈ ئىزدىنىشكە، ئۆگىنىشكە، ئۆگەنگىنىنى جايىدا ئىشلىتىشكە موھتاج.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدە)



# سېھىرلىك نىيا

**مەتسەيدى مەتقاسىم**

نىيا مەن دائىم چۈشۈمدە ۋە ئويغۇمدا كۆرۈپ كېلىۋاتقان سېھىرلىك زېمىن. بۇ جايدا مەن تەلپۈنگەن قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ چۆكۈندىسى بىلەن ھازىرقى جۇلاسى بار. مەن نىيانىڭ تىمتاس ئۇيقۇغا كەتكەن بىپايان چۆل-جەزىرىلىرىدىن، جاڭگاللىرىدىن، قۇرۇق دەريا ئېقىنلىرىدىن، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن غېرىبلىق ئۇچۇپ تۇرغان ناخشىنى سۈكۈتتە تۇرۇپ ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىم. بۇ ناخشا ماڭا خۇددى ۋاقىتلىق يوقالغان بىر روھنىڭ قايتىپ كەلگىنىدەك تۇيغۇ بېرەتتى.

2009-يىل ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇنىڭ ئىچىدە مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى زىيارەت قىلىش بولدى.

2009-يىلى 1-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن، نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى قوغداش خادىملىرىدىن قەيسەر ماخمۇت، مۇھەممەد ماخمۇت، مەتىمىن ئابابەكرىلەر بىلەن قاپاقئاسقان كەنتىدە ئۇچراشتىم. ئۇلار مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمدىن ئالدىنقى كۈنى كەچتە خەۋەر تاپقان ئىدى. قەيسەر ماخمۇت كەلگىنىمنى كۆرۈپلا دەرھال تۆگىلەرگە نەرسە-كېرەكلەرنى ئارتىپ تەييارلىدى. بىز مەتىمىننىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە 64 ياشلىق ئابابەكرى مەتقۇربان (لەقىمى دانىش) ئالدىمىزغا چىقىپ سەپىرىمىزگە ئاق يول تىلىدى. بۇ كىشى 1979-يىلدىن بۇيان خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن نىيا خارابىسىنى قوغداپ كەلگەن ئىكەن. قىسقىلا كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نىيا خارابىسىنى قوغداش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، بۇ پېشقەدەم قوغداش خادىمى خارابىلىككە 140 قېتىم كىرىپ، «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»دىن نەچچە ئوننى قولغا چۈشۈرۈپ، ئوغرىلاپ كېتىلگەن 100 خىلدىن ئارتۇق

قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمىنى ئۆز جايىغا
قايتۇرۇپ كېلىشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ
قېتىمقى خارابىلىكنى چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە
شەخسەن ئۆزى بېرىش ئويى بولسىمۇ، سالامەتلىكى يار
بەرمىگەچكە 21 ياشلىق ئوغلى مەتمىننى ئەۋەتكەنلىكىنى
ئېيتتى. ئۇنىڭ يەنە مەتمىننى تەربىيەلەپ، ئۆزىنىڭ
قوغداش كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئويى بار ئىكەن.
ئابابەكرى مەتقۇربانغا نىسبەتەن نىيا خارابىسى «قوغۇن-
لۇقنىڭ يولى» بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ماڭا يەنە ئېكسپېدىتسىيە،
ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى، ساياھەت ئۆمەكلىرى ۋە
بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن خارابىلىكتە
چۈشكەن سۈرەتلەرنى كۆرسەتتى. 41 ياشلىق قەيسەر
ماخمۇت 1995-يىلدىن بۇيان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن
نىيا خارابىسىنى قوغداپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خارا-
بىلىككە 100 قېتىمدىن ئارتۇق كىرىپ، مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرىنى ياخشى قوغداپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر-
نىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. مۇھەممەد ماخمۇت قەيسەر
ماخمۇتنىڭ ئىنىسى ئىكەن، ئۇنىڭ ئاكىسىغا ياردەملىشىپ
قوغداش خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتقانغا بەش يىلدىن ئې-
شىپتۇ.

بىز قاپاقئاسقان كەنتىدىن يولغا چىقىپ ئىمامى جەف-
فىرىم سادىق مازىرىغىچە بەش كىلومېتىردەك ئاسفالت
يولنى پىيادە بېسىپ، سىزمە دېگەن يەرگىچە تۆگىلەرنى







يېتىلەپ كەلدۇق. يەتتە كۈنلۈك سەپەردىن قايتىپ يەنە
مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۆگىلەرنى يېتىلەپ قاپاقئاسقان
كەنتىگە پىيادە يېتىپ باردۇق. كېيىن باشقىلاردىن بىلسەم،
«ئۇلۇغ مازارنىڭ يېنىدىن ئۇلاغقا مىنىپ ئۆتسە يامان
بولارمىش ھەم ئادەم تەخسىرەپ كېتەرمىش». بۇ قاراش
ئۇزاقتىن بېرى ئادەت سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقانىكەن.
ئەگەر باشقىلار بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ مازار يېنىدىن تۆگىگە
مىنىپ ئۆتكىنىمىزنى كۆرسە ئىچىدە قارغايمىش. شۇڭا بىز
بېرىپ-كېلىشتە ئون كىلومېتىردەك يولنى پىيادە بېسىشقا
مەجبۇر بولدۇق.

تۆگە ئۈچ، ئادەم تۆت بولغاچقا، تۆگىگە نۆۋەتلە-
شىپ مىنىشكە توغرا كەلدى. بەربىر بىر ئادەم تۆگىنىڭ
ئالدىدا پىيادە مېڭىپ يول باشلاشقا توغرا كېلەتتى. تۆگە-
لەر ئارىسىدا كىچىك بىر بوتىلاقمۇ بار بولۇپ، ئۇمۇ ماڭا
ئوخشاش خارابىلىككە تۇنجى قېتىم كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قە-
دەملىرى ناھايىتى ئاستا بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئانىسى توخ-
تىغان ھامان پۇرسەتنى تۇتۇپ بىر قانچىنى ئېمىۋالاتتى.
بوتىلاقنىڭ يۈرۈش تۇرۇشىدىن ئېنىقكى، ئۇنىڭغا خارابى-
لىككە كىرىش پەقەت خۇش ياقمىغاندەك قىلاتتى. ئالدىدا
كېتىۋاتقان تۆگىنىڭ ئىسمى «خاپىلىققا قالغان جۇۋان»
ئىدى. ئون نەچچە يىلدىن بېرى خارابىلىققا كىرىپ-
چىقىپ كېلىۋاتقان، سەككىز تۆگە ئىچىدە پەقەت مۇشۇ
«خاپىلىققا قالغان جۇۋان»لا ھايات بولۇپ، جاپا-مۇشەق-
قەتلىك سەپەرنىڭ ھەننىۋاسىدا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى.

ئىمامى جەففىرىم سادىق مازىرىنىڭ شىمالدىكى تە-
بىئىي ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ،
ئەتراپ يېشىللىق بىلەن تولغان. ئېقىننى بويلاپ جەنۇبتىن
شىمالغا قاراپ سوزۇلغان بۇ بوستانلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون
كىلومېتىردەك كېلەتتى. بوستانلىقنىڭ تۇپرىقى ناھايىتى
مۇنبەت بولۇپ، ئەگەر سۇ بولسىلا ھەرقانداق زىرائەتنى
تېرىپ ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. لېكىن بۇ جايغا سۇ كەلمە-
گىلى بىر نەچچە يىل بولغاچقا، قويۇق ئۆسكەن يۇلغۇن،
قومۇش، تىكەن، يانتاقلار قۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىز چىقىر
يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا توپ-توپ ئاق قۇشقاچلار ۋە
ياۋا توشقانلار ھۈركۈپ ئۇياق-بۇياقلارغا قېچىشتى. يول
بويىدا دېھقانلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن ئېتىزلىرى، زاغۇن
خامانلىرى، كونا كەپە ۋە ساتما ئۆيلەر كۆزگە تاشلىنىپ



تۇراتتى. شىمالغا ماڭغانسېرى قۇر-
غاقچىلىق ۋە كۆچمە قۇملارنىڭ ئالا-
مەتلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇ-
راتتى، يېشىللىق ئازىيىپ يۇلغۇن،
توغراق ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تا-
مامەن قۇرۇپ كەتكەنىدى.

بوستانلىقنىڭ ئاخىرلىشىشى
بىلەن دەريا قىنى غەربىي شىمالىي
يۆنىلىشكە قاراپ بۇرۇلدى. ئىلگىرى
قىنى بىلەن تەڭ سۇ ئاققان بۇ دەر-
يادا بوراننىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن قۇم
كۆچۈپ چەكسىز قۇم بارخىنى
ھاسىل قىلغان ئىدى. دەريا قىنى
ئەتراپىدىكى كەپە-ساتما، ئېغىل-
قوتان، ئېتىز، خامان ۋە باغلارنىڭ
ئىزناسىدىن تېخى يېقىنقى مەزگىلگىچە بۇ جايدا ئادەملەر-
نىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. دەريا قىنىدىكى
قاغجىراپ يىقىلغان توغراقلارغا قاراپ كۆڭلۈم بەكمۇ
يېرىم بولدى. بۇ قاقشاللاشقان توغراقلارنىڭ بەزىلىرى
يىقىلىپ چۈشكەن، بەزىلىرى قۇمغا يېرىم ھالەتتە كۆمۈل-
گەن، يەنە بەزىلىرى مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يې-
قىلغان بىر تۈپ توغراقنىڭ تۈرقى خۇددى ئادەمگىلا ئوخ-
شايتتى. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان ئېغىزى تەڭرىدىن سۇ
تەلەپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەتراپ جىمجىتلىققا ۋە غې-
رىبلىققا تولغان. خۇددى بۇ يەر تاشلىۋېتىلگەن كىچىك بىر
دۇنياغا ياكى ئۇنتۇلۇپ قالغان رىۋايەت-چۆچەككىلا ئوخ-
شايتتى، قۇملۇققا كىرگەن ھەرقانداق ئادەم بىر خىل غې-
رىبلىققا چۆمىدۇ. بۇ بىر نورمال ھادىسە بولسا كېرەك.
ئادەم غېرىب ھالەتتە يەنە غېرىبانە مەنزىرىنى كۆرسە پۈ-
تۈنلەي غېرىبلىققا ئەسىرا بولۇپ كۆز ياشلىرىنى تۆكمەي
قالمايدۇ. مەن كۆز ياشلىرىم بىلەن ئاشۇ بىچارە غېرىب
توغراقلارنى ئەملەندۈرگۈم، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىلتىزلى-
رىنى يۈرىكىمگە چىلاپ ياشارتىۋالغۇم كەلدى.

كونا دەريا-ئېقىنلار، ياردائىلىقلار، سېغىزلىقلار، ياي-
لاقلار ۋە قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىزنالىرىدىن ئىلگىرى بۇ
جايدا سۇنىڭ موللۇقىنى بىلگىلى بولاتتى. چوڭ مازار ئەت-
راپى ھازىر پۈتۈنلەي يېشىللىق بولۇپ، بۇگۈنكى چوڭ
مازار بويىدىكى نىيا دەرياسى يەر ئۈستى سۈيى ئاللىبۇ-
رۇنلا ئۈزۈلۈپ قالغان، بىراق يەر ئاستى بۇلاقىنىڭ سۇ
تولۇقلىشى بۇك باراقسان ئورمانلىق مەنزىرىسىنى ھېچقاند-
داق ئۆزگەرتىۋېتەلمىگەن. بۇ تەبىئىي ھالدا قۇمتاغنىڭ گې-
يولوگىيەلىك كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىغا شارائىت ھازىرلىغان،
يەر ئاستى سۇ ئورنىنى يۇقىرىغا كۆتۈرگەن. بۇلاق سۈيى-
نىڭ موللۇقى مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتنى تەمىنلىگەن.
قۇرۇم تېغىدىن چوڭ مازارغىچە نىيا دەرياسى ئىچكى
دەريا بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن پات-پات ئۈزۈلۈپ تۇ-
رىدۇ. كۆپلىگەن جايلاردا ھەمىشە دەريا قىنىنىڭ ئىزلىرى-
نى بايقىغىلى بولىدۇ. چوڭ مازاردىن ئۆتكەندىن كېيىن،
نىيا دەرياسى تەلتۆكۈس يوقالغان بولۇپ، دەريا ئىزىنى
تېپىش تەس. چوڭ مازاردىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ماڭ-
غاندا نىياغىچە بولغان مەنزىرە پۈتۈنلەي قاقاسلىقتىن ئىبا-
رەت. يولدا بىر توپ قۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي توغراقزار-
لىق بار، ئەڭ چوڭىنىڭ غولىغا بىر ئادەمنىڭ قۇلىچى يەت-
مەيدۇ. شاخلىرى چىرماشقان قاقشال بولۇپ ئىنتايىن ئې-
چىنىشلىق. توغراقلىق ئىچىدە يۇلغۇن دۆڭلىرى ناھايىتى
جىق. كۆپلىگەن يۇلغۇنلار قۇم بارخانلىرى بىلەن كۆرەش
قىلىش داۋامىدا يەنە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ
قالغان. قۇرۇق قاقشال توغراقلىق بەلبېغىدىن ئۆتكەندىن
كېيىن ئاساسەن بىپايان كەتكەن قۇم بارخانلىرى سوزۇ-

لۇپ شامال شەرقىي شىمالدىن كېلىدۇ. شامالغا قارشى
تۇرغان قۇم دۆۋىلىرى تامامەن ئېگىز ھەم تىك كېلىدۇ.
ئاسانلىقچە ياماشقىلى بولمايدۇ. قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا
ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئاق سېغىزلىق لاتقىلىرىنى كۆرگىلى بو-
لىدۇ. بۇلار ئۆتمۈشتىكى يىقىلىپ قالغان سۇ ياكى دەريا
ئېقىنلىرىنىڭ ئىزلىرىدۇر. نىيا خارابىسىغا كىرگەندىن كېيىن
بۇنداق لاتقىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بىر قىسىم ئېتىزلىق،
قەبرىستانلىقلار لاتقىلارنىڭ ئاستىدا قالغان. قەدىمكى نىيا
خەلقى ياشايدىغان ۋاقىتتا دەريا سۈيى بىۋاستە مۇشۇ
يەرگە ئېقىپ كەلگەن، نىيا خارابىسى ۋەيران بولغاندىن
كېيىن بۇ جايغا ئۇدا بىر قانچە قېتىم كەلكۈن كەلگەن.
كەلكۈندە شەكىللەنگەن يېڭى ئىزنالار بىلەن كونا ئىزنا-
لارنى پەرق ئەتمەك ئانچە تەس ئەمەس. چادوتا (ئۇغاي-
بالىق) زېمىنى خارابىگە ئايلىنىپ يەرلىك خەلق ئۇنى
تاشلاپ كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن دەريا سۈيى مۇشۇ
يەرگە ئېقىپ كەلگەن. لاتقا ئاستىدا قالغان ئېتىزلىقلار،
قەبرىلەر بۇنىڭ بىۋاستە ئىسپاتى. نىيا دەرياسى تۆۋەن
ئېقىنىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى قىرغىقىدا ئۇ-
زۇنغا سوزۇلغان قۇم تاغلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ قۇم
تاغلىرى دەريا دېلتىسىنى خۇددى ھازىرلا يۇتۇپ كېتىدى-
غاندەك قىلاتتى. چۈنكى بۇ جايدا قۇم-بوراننىڭ كۆچۈ-
شى بەك تېز، شۇڭا ئادەم چۆلدە بىر كۈن ئۇخلاپ ياتسا
خېلى جىق قۇمغا كۆمۈلۈپ قالاتتى. دەريا ئەتراپىدىكى
جايلارنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى بالدۇرقى ۋاقىتلاردىكى-
دىن خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتكەن. ھەتتا بەزى جايلارنى
ئون نەچچە مېتىر قازسىمۇ سۇ چىقمايدىغان ھالەت شەكىل-
لەنگەن. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كېتى-
شى سەۋەبىدىن توغراقلار ئارقا-ئارقىدىن يىقىلىپ، مۇشۇ
خارابىلىكتىكى كونا جەسەتلەرگە ئوخشاپ قالغان. خارابى-
لىككە كىرگەن ھەرقانداق بىر كىشى بۇ جايدىكى كونا-
يېڭى سېغىزلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ھەيران قالىدۇ. سې-
غىزلارنىڭ يۈزى چاك-چاك يېرىلغاندىن كېيىن، ئۇششۇ-
لۇپ يۇمشاق تۇپراق ھالەتكە كېلىپ قالغان. يەرلىك تې-
ۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇنداق كونا سېغىزنى قايناق سۇغا
سېلىپ سۈيۈلدۈرۈپ ئىچسە يۈرەك ۋە ساقايمايدىغان
ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولارمىش. مەنمۇ ئازاب
ئىچىدە تىتىلغان يۈرىكىمگە داۋا بولسۇن دەپ نىيا خارابى-
لىكىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك سېغىزىدىن ئازراق ئېلىۋالدىم.

قۇملۇقتا تۆگە مىنىپ كۆنۈپ كەتكەچكە، چېنىقىش
ئۈچۈن ھەركۈنى ئون كىلومېتىردەك يول يۈردۈم. خارا-
بىلىككە كىرگەن بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىپ
يۈرۈپ 40 كىلومېتىردەك مۇساپىنى باستىم. بۇ مېنىڭ رو-
ھىمنى ۋە ئىرادەمنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىسى بولدى. قۇم-
لۇقتا باسقان مۇساپە بىلەن باشقا بوستانلىق رايونلاردا پى-
يادە باسقان مۇساپە ئوخشىمايتتى. مېنىڭچە، بىز ئۇيغۇرلار
قۇملۇقتىكى ئارخېئولوگىيە ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالى-
يەتلىرىگە قارىتا قۇملۇق مۇساپىسى دېگەن بىر ئۆلچەم
بىرلىكىنى قوللىنىش زۆرۈر. مەسىلەن، قۇملۇقتا تۆگە
مىنىپ ياكى پىيادە مېڭىپ باسقان بىر كىلومېتىر مۇساپە
بوستانلىقتا تۆگە مىنىپ ياكى پىيادە مېڭىپ باسقان ئۈچ
كىلومېتىردەك مۇساپىگە تەڭ كېلىدۇ. قۇملۇقتا كۆز ئالدى-
دا كۆرۈنۈپ تۇرغان يېقىن ئارىلىقتىكى بىر نىشانغا يېتىش
ئۈچۈن، ئېگىز قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە ياكى
بىر قانچە قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن قۇملۇقتىكى نىشان ئارىلىقى تۈز ئارىلىقتا سې-
لىشتۇرغاندا ئەسلىدىكىدىن ئىككى، ئۈچ ھەسسە ئۇزىراپ
كېتىدۇ. شۇڭا قاپاقئاسقان كەنتىدىن نىيا خارابىسىگىچە
بولغان 48 كىلومېتىر ئارىلىقتا تۆگىگە مىنىپ ياكى پىيادە
ئىككى كۈندە، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىن
70كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرىگە
ئۈچ كۈندە، دەريا بويىدىن 90كىلومېتىركېلىدىغان خوتەن
دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى مازار تاغقا بەش-ئالتە
كۈندە ئاران يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەگەر بوستانلىق





جايلاردا بۇنچىلىك ئارىلىقنى تۆگە مىنىپ ياكى پىيادە
مېڭىپ بىر ـ ئىككى كۈندە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ.

نىيا خارابىسى نىيا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا
100كىلومېتىر كېلىدىغان نىيا دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىغا جاي-
لاشقان. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى يەتتە ـ
سەككىز كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇ-
قى 42 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىرغا قەدەر بايقالغان خارابە
ئىزى 100دىن كۆپرەك بولۇپ، ئېگىزلىكى 5.8مېتىر، ئاي-
لانمىسى 3.9 مېتىر كېلىدىغان بۇددا مۇنارى خارابىلىكىنىڭ
مەركىزىي نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل خارابىلىك ئائى-
لىلەر ئولتۇراق رايونى، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، قول ھۈ-
نەرۋەنچىلىك ئورنى، تېرىلغۇ يەر، ئېغىل ـ قوتان، سۇغى-
رىش سىستېمىسى، دىنىي تۈس ئالغان ئىمارەتلەر، يول،
قەبرىستانلىق، قەدىمكى شەھەردىن ئىبارەت توققۇز
تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىز بۇددا مۇنارىنىڭ يېنىدىكى گەمىدە
يېتىپ ـ قوپۇپ خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بىز گەمى-
گە يېتىپ كەلگەندە «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بىر ئاينىڭ
ئالدىدا گەمە ئىشىكىنى بۇزۇپ، بۇ يەردىكى سۇ ۋە يې-
مەكلىكلەرنى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. كېيىن ئۇلارنى
ساقچىلار قولغا ئاپتۇ. گەمە ئىشىكىنىڭ ئالدى تەرىپىنى
بىر مېتىردىن ئارتۇق قۇم بېسىپ كەتكەچكە، قۇملارنى
تارتىپ ملىڭ تەستە گەمە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇق. خارابىلىك
رايونىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چىگە تاغارغا قۇم قاچىلاپ
تام ھاسىل قىلىپ، ئۈستى توغراق ياغاچلىرى بىلەن يېپىل-
غان كۆلىمى 36 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان گەمىدىن ئىككى-
سى بار، ئۇنىڭ بىرى نىيا خارابىلىكىنىڭ كىرىش ئېغىزىدى-
كى ئابىدە تېشى يېنىدا، بىرى بۇددا مۇنارىنىڭ يېنىدا. بۇ
ئىككى گەمە 2005 ـ يىلى «جۇڭگۇن» گۇرۇھىنىڭ
مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى
پۈتۈپ ئىشقا كىرىشكەن ئىكەن، گەمىنىڭ ئۆزى مېنىڭ
مۇشۇ ماقالىنى يېزىشىم ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق جاي
بولدى.

نىيا خارابىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەدىمكى ئىزنالار-
نى ئۇچراتقىلى بولاتتى. 1906 ـ يىلى ستەيىن قازغان
ئىككى ئۆي مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. بۇ N24 ۋە
N13 دەپ نام بېرىلگەن ئائىلىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى
ئىدى. مەن ئەينى ۋاقىتتا ستەيىن قازغان بۇ ئۆيلەرنىڭ
سۈرىتىگە قاراپ ھازىرقى ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ
كۆردۈم. بۇ ئۆيلەر ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-
غان ئىدى. ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، دىنىي تۈس ئالغان ئى-
مارەتلەر، قەبرىستانلىق كىشىگە سۈرلۈك تۇيغۇ ئاتا
قىلاتتى. قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارنىڭ
تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولۇپ، قەدىمىي ئىزلار چېچى-
لىپ ياتاتتى. خارابىلىكنىڭ ئىككى چېتىدىكى قۇملۇق
مۇشۇ جايغا كەلگەندە قوشۇلۇپ ياي شەكلىنى ھاسىل
قىلغان، بۇ خارابىلىكنىڭ ئەڭ چېتى ھېسابلىناتتى.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسىدە)

### ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى
2010 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا
ژۇرنىلىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ
قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.









# ئەجداد ئۆرپۈمىزدا ئىلغارلىق

ئۆمەرجان سىدىق

تىنچلىق ۋە ئىناقلىق دۇنياۋى ئورتاق تېما، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى تىنچلىق ۋە ئىناقلىققا ئىنتىلىدۇ ۋە ئاشۇنداق جەمئىيەتنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ تىنچلىق ۋە ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئۈنۈمىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىدىيەلەر ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا، مىللىي ئۆرپ ئادەتلىرىدە ئەزەلدىنلا بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا، مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە. ئىناق، باراۋەر ئۆتۈش، شۈكۈر-قانائەتچان، ئىنسابلىق، دىيانەتلىك بولۇش، باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز قىزارتماسلىق، تەقدىرنى قوبۇل قىلىش، ھەر قانداق ئىشتا باشقىلارغا خالىس ياردىمىنى سۇنۇش، قولۇم-قوشنىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىق ئىدىيەلەر ئاساسىدىكى تىنچلىق، ئىناقلىق ۋە ئەخلاق قارىشى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىز بۇ خىل قاراشلارنى بىر خىل تەۋرەنمەس تۈيغۇ سۈپىتىدە قەدىرلەپ، ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن.

## «بۇ پۇل بىزگە جايىز ئەمەس»

رايونىمىزدىكى بىر كۆمۈركاندا تۇيۇقسىز ھادىسە كۆرۈلۈپ، ھەر مىللەتتىن بولغان ئون نەچچە كان ئىشچىسى بەختكە قارشى قازا قىلدى. بىخەتەرلىك قاتتىق تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە ۋەقەنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى رازى قىلىش خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلانغانىدى. ھەر دەرىجىلىك تارماقلار مۇزاكىرىلىشىش ئار-

قىلىق ھەر بىر قازا قىلغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا 200
مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشنى قارار قىلدى. لېكىن بىر قىسىم
ئىشچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بۇ تۆلەمگە رازى
بولماي، نارازىلىق بىلدۈردى. «تۆلەم ئاز بولۇپ قاپتۇ،
قازا قىلغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بېقىلىش خىراجىتىنى ھۆ-
كۈمەت ئۈستىگە ئالسۇن، شۇ ئائىلىدىن بىر ئادەمنى
ئىشقا ئورۇنلاشتۇرسۇن» دېگەندەك تەلەپلەرنى ئوتتۇرى-
غا قويۇشتى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ ئائىلىلەرگە قايتا-
قايتا كىرىپ خىزمەت ئىشلەشتى، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش-
تى، ھەتتا ئەڭ چىرايلىق گەپلەر بىلەن يالۋۇرۇشتى.
چۈنكى يەرلىكنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولۇپ، تۆلەمنى
ئۆستۈرۈپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇ ئارىدا
رەھبەرلەر كان ھادىسىسىدە ئوغلى قازا قىلغان بىر ئۇيغۇر
ئائىلىسىگە كىردى. بۇ ئۆيدە پەقەت ياشىنىپ قالغان
بوۋاي، مومايلا بولۇپ، ئۇلار ئازغىنە يېرى ۋە مۇشۇ قې-
تىمقى ھادىسىدە قازا قىلغان، تېخى ئۆيلەنمىگەن ئوغلىنىڭ
كاندا ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.
رەھبەرلەر بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن
ئائىلىدىكىلەرگە ھېسداشلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ
ئائىلىمۇ تۆلەمگە رازى بولماي قالارمۇ دېگەن ئەندىشە
ئىچىدە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، 200 مىڭ يۈەن تۆلەم
پۇلىنى بوۋاي، مومايىنىڭ ئالدىغا قويدى. بوۋاي رەھبەر-
لەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ساقىلىنى سىلاپ،
مۇنداق دېدى:

— باللىرىم، ئالدى بىلەن بىزنىڭ مۇسىبەتلىك كۆڭ-
لىمىزگە تەسەللى بېرىپ، يوقلاپ كىرگىنىڭلارغا ھەشقاللا
رەھمەت ئېيتىمىز، كۆڭلۈڭلار بىزگە تېگىل بولدى، بىراق
بۇ پۇلنى بىز ئالالمايمىز. چۈنكى، بىزنىڭ ئادىتىمىزدە ئۆ-
لۈكنى پۇل قىلىدىغان ئىش يوق، ئاللانىڭ ھۆكۈمىسىز
قىل تەۋرىمەيدۇ، بالىمىزنىڭ ياشلا ئاخىرەتكە سەپەرگە
قىلىشى تەقدىر تەرىپىدىن پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىكەن،
قازاغا رىزا دېگەن گەپ بار، شۇڭا بۇ پۇل بىزگە جايىز
ئەمەس، بۇ پۇل بىزگە ھالال پۇل ھېسابلانمايدۇ. بۇ
پۇلنى تۇتۇپ قويساق، خۇددى باشقىلارنىڭ ھەققىنى يە-
ۋالغاندەك بولۇپ قالىمىز، بىز ھالال كۈچىمىزگە تايىنىپ
جېنىمىزنى بېقىپ كېتەلەيمىز. ئەگەر زادى بەرمىسەڭ بول-
مايدۇ، دەپ تۇرۇۋالساڭلار بۇ پۇلنى ھېچكىشىگە داۋراڭ
قىلماي، ئاجىز، يېتىم-يېسىرلارغا ئىئانە قىلىۋېتىڭلار. بۇ
گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. رەھبەرلەر
ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ھەققەتەن مۇ-
شۇنداق قاراشلارنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ ئاق-
كۆڭۈل بوۋاي، مومايغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئېيتىشتى.

«بىزدە ئۆلۈملەرمۇ تويدەك ئۆتىدۇ»

مەرھۇم بوۋام دائىم «بىزدە ئۆلۈملەرمۇ تويدەك
ئۆتىدۇ، چۈنكى ئەل-مەھەللە، يۇرت-جامائەت ھەرقان-
داق ئېغىرچىلىقىمىزنى تەڭ كۆتۈرىدۇ، ھەرقانداق مەرىكە-
نى قولمۇقول قىلىپ تۈگىتىۋېتىدۇ» دەيتتى. بۇ گەپنىڭ
مەنىسىنى ئەينى ۋاقىتتا تازا چۈشىنىپ كەتمىگەن ئىكەن-
مەن، قەلبىمىزدە مەڭگۈ جۇدالىق دېغى قالدۇرغان رەھىم-
سىز ماتەملەر بېشىمغا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ سۆزنىڭ تې-
گىگە يەتتىم. ئاپام، ئاتامدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغاندىن كېيىن
قەدىردان ئاكاممۇ كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. چەكسىز
ئازاب، ئېغىر ماتەم تۇيغۇسى ئىچىدە ئاكامنىڭ مېيىتىنى
شەھەردىكى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، يېزىغا ئېلىپ
ماڭدۇق. ھەممىمىز شەھەرگە قايتىپ كىرگەچكە، يېزىدى-
كى ئۆيىمىزدە ھېچكىم ئولتۇرمايتتى، كىملەر خەۋەر
قىلغان قولۇم-قوشنىلار ئىشىكلەرنى ئېچىپ، ئۆيلەرنى
تازىلاپ تەييار قىلىپ تۇرۇپتۇ. مەھەللىمىزگە كىرىشىمىز
بىلەن تەڭ، بىزنى ساقلاپ كوچىغا پاتماي سانجاق-
سانجاق تۇرۇپ كەتكەن يۇرتداشلارنى كۆرۈپ، يىغىمىز
يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ھەممەيلەن بىلەن قۇ-
چاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، كوچىنى يىغا-زارە قاپلىدى. مە-
ھەللە ئاقساقىلى پۈتۈن ئىشلارنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشىپ
كەتتى. ھويلىدا شۇنچە نۇرغۇن ئادەم ئۆز ئىشلىرى بىلەن
ئالدىراش ئىدى. بىرى يانفونى بىلەن ھەر قايسى مەس-
چىتلەرنىڭ جامائىتىگە مېيىتنى ئەتە بامدات نامىزىدىن
يېنىپ ئاچىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىۋاتاتتى. بىرلىرى قارد-
لارنى مېيىتنىڭ يېنىدا خەتمە قۇرئان قىلىشقا ئورۇنلاشتۇ-
رۇۋاتاتتى، بىرلىرى ئاق باغلايدىغان داكىلارنى تەييار قى-
لىۋاتاتتى، بىرلىرى ئەتىكى نامازدا ئىسقات-سالات تارقى-
تىش ئۈچۈن پۇل پارچىلاش بىلەن ھەلەك ئىدى، بىرلى-
رى مېيىتنى يۇيىدىغان كىشىلەرنى چاقىرىشقا، بىرلىرى تا-
ۋۇتنى ئەكىلىشكە ماڭغانىدى. قىسقىسى، ھەممەيلەن

خۇددى ئۆز ئىشنى قىلىۋاتقاندەك ئىخلاسمەنلىك بىلەن
ئىشلەۋاتاتتى. ئەتىسى مېيىتنى ئۇزىتىش جەريانىمۇ
شۇنداق بولدى: جامائەتلەرنى كۈتۈۋېلىش، ناماز چۈشۈ-
رۈش، مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقىش، يەرلىككە
قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى نەچچە يۈزلىگەن مەھەللە جا-
مائىتى قولى-قولىغا تەگمەي قىلىپ تۈگەتتى. خەلقىمىز نې-
مىدېگەن ئىخلاسمەن، نېمىدېگەن ئاقكۆڭۈل، نېمىدېگەن
ئالىيجاناب خەلق-ھە! بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۇلارغا ھېچكىم
ھەق بەرمەيدۇ، رەھمەت ئېيتمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئې-
تىزىدىكى، ئائىلىسىدىكى شۇنچە ئالدىراش ئىشلىرىنى
تاشلاپ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا بەجانىدىل-
لىق بىلەن ياردەملىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەقەت ئەۋ-
لادمۇئەۋلاد داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھەمكارلىق ئۇدۇمى،
قېرىنداشلىق مېھرى، ساۋاب تېپىش تۇيغۇسىلا بار! شۇڭا
مەھەللە جامائىتى بولسىلا ئۆلۈملەرمۇ تويدەك ئۆتىدۇ!

توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىغا
خالىس ياردەملىشىش ئۇدۇمى بىزدە ئۇزاق دەۋرلەردىن
بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن، بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنە يېزا-
بازارلىرىمىزدا ھازىرمۇ مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ
ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە، داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك
ئېسىل ئەنئەنىمىز. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى پۇل-
ھوقۇق، پايدا-مەنپەئەت قارىشىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى
بىلەن بۇ خىل ئۇدۇمىمىزمۇ بەزىبىر خىرىسلارغا دۇچ كې-
لىۋاتىدۇ. نامدار، پۇلدار، ھوقۇقدار كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم پە-
تىسىگە كېلىدىغانلار كۆپ بولىدىغان، ئاددىي، نامرات كى-
شىلەرنىڭ پەتىسىگە كېلىدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك بو-
لىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بۇ خۇددى «قەبرە ئالدى-
دىمۇ تەڭ بولماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش. بىزنىڭ ئاخى-
رەتلىك ئىشلارغا ياردەم قىلىشتىكى مەقسىتىمىز قانداقتۇر
مەلۇم مۇددىئا بىلەن خاراكتېرلەنسە، ئۇ ھالدا ئەجداتلار-
دىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئەنئەنىنىڭ مەزمۇنى
ئۆزگىرىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ياردەم-
مىزنىڭ مەقسىتى قېرىنداشلىق مېھرى، ساۋاب تېپىش تۇي-
غۇسى، ياخشىلىقتىن ياخشىلىق كۆرىسەن، دېگەن ھېكمەت-
نىڭ تۈرتكىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس! شۇڭا بۇ خىل
خالىس، ئالىيجاناب ھەمكارلىقنىڭ مەزمۇنى مەڭگۈ ئۆزگە-
رىپ كەتمىسۇن!

## «كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش ھارام»

يېقىندا شەھىرىمىزدىكى بىر ئاددىي تاكسى شوپۇرى
ناھايىتى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىندى. يېشى 40 تىن
ئاشقان بۇ كىشى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىدا تۇغۇلغان
بولۇپ، ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ-
نى پۈتكۈزۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان، شەھەرگە
كىرىپ ھەر خىل ئۇششاق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان
ئىكەن. ئايالى كېسەلچان، ئۈچ بالىسى ئوقۇشتا بولۇپ،
تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدى-
كەن. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ ياشاشنى
نومۇس دەپ بىلىپ، شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىپتۇ، ئۆتكەن يىلى
ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 20 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ،
«شيالى» ماركىلىق كونا ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، كىرا-
كەشلىك قىپتۇ. ئىككى ھەپتە ئاۋۋالقى بىر كەچلىكى ئۇ بىر
قانچە كانادالىق ساياھەتچىنى تۇرپان شەھىرىدىن داخېيەن
پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئىچكىرىگە ماڭىدىغان
پويىزغا سېلىپ قويۇپتۇ. قايتىپ كەلگەندە كېچە بولۇپ كەت-
كەچكە، ئۆيىدە يېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى ماشىنىنىڭ كەينى ئو-
رۇندۇقىدا بىر سومكىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
سومكىدا 25 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى، 12 مىڭ ئامېرىكا دول-
لىرى بار ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇ پۇل بىلەن ئۇنىڭ بارلىق قى-
يىنچىلىقلىرى-قەرزلىرى، ئايالىنى داۋالىتىش، بالىلىرىنى
ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھەل بولاتتىكەن، لېكىن ئۇ قىلچە ئىك-
كىلەنمەي، بۇ ئىشنى ج خ تارماقلىرىغا مەلۇم قىپتۇ.
ساقچىلار شۇ كۈندىكى پويىزنىڭ قېتىم سانىنى ئېنىقلاپ،
قايتا-قايتا ئىزدەش، سوراش ئارقىلىق ئاخىر كانادالىق
مېھمانلار بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ، بۇ چاغدا مېھمانلار ئاللىقا-
چان چىڭداۋغا بېرىپ بولغان بولۇپ، پۇلنىڭ ئۇنتۇلغانلىقى-
نى يېڭىلا بايقىغان ئىكەن. ئالدىراش سودا ئىشى بولغاچقا،
كەينىگە يېنىپ ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپ، سەپىرىنى داۋام-
لاشتۇرماقچى بولغان ئىكەن. ئۇلار پۇلنى ئاددىي بىر
تاكسى شوپۇرىنىڭ قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئۇقۇپ،
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

شوپۇرنىڭ ئىش-ئىزلىرى جەمئىيەتكە ئاشكارا بول-
غاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى قانچە قاچۇرسىمۇ، ئاخبارات ۋا-
سىتىلىرىنىڭ زىيارەت قىلىشىدىن قۇتۇلالماپتۇ. بىر مۇخبىر
ئۇنى زىيارەت قىلىپ: «نۆۋەتتە پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇ-
لۇشى كۈچەپ تەكىتلىنىۋاتىدۇ، سىز مۇشۇ خىل تەشۋىقات-

لارنىڭ تۈرتكىسىدە مۇشۇنداق ئالىيجاناب روھنى نامايان
قىلدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. يەنە بىر مۇخبىر بولسا:
«سىز ھازىرقى دەۋردىكى لېي فېڭ روھىنى جارى قىلدۇ-
رۇپسىز، بۇنداق قىلىشىڭىزغا قايسى ئىش تۈرتكە
بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇيغۇر مۇخبىرلارنىڭ تەرجىمە
قىلىپ بېرىشى بىلەن سوئاللارنى چۈشەنگەن تاكسى شو-
پۇرى بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن مۇنداق
دەپتۇ: «مېنىڭ بىلىدىغىنىم كىچىكىمىزدىن باشلاپ قان-
قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ‹ھارام بايلىق سىڭمەيدۇ›، ‹كى-
شىنىڭ ھەققىگە كۆز قىزارتسا گۇناھ بولىدۇ› دېگەن قا-
راشتىن ئىبارەت. كانادالىق مېھمانلارنىڭ سومكىسىنى تۇ-
تۇۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا خۇددى چوغنى تۇتۇۋاتقاندەك بى-
ئارام بولدۇم، ئۈستۈمدىن بىرسى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان-
دەك ھودۇقتۇم. قەلبىمدە: ‹بۇ مال-مۈلۈكلەر سېنىڭ
ئەمەس، ساڭا جايىز ئەمەس، كىشىنىڭ ھەققىنى ئالساڭ
يامان بولىدۇ. ئەپ قويساڭ بىرىنىڭ ئورنىغا ئوننى
سۆرەپ چىقىپ كېتىدۇ، ساڭا بالا-قازا ياغىدۇ› دېگەن
خىتاب ياڭراپ تۇردى. شۇڭا ھېچ ئىككىلەنمەي ساقچىغا
مەلۇم قىلدىم. پۇللارنىڭ ئىگىسى چىققاندىن كېيىنلا ئېغىر
يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدىم». خەلقىمىزدە ئە-
زەلدىن كىشىنىڭ ھەققىگە قول ئۇزارتمايدىغان ئالىيجاناب
ئەنئەنە بار. شۇڭا ئارىمىزدا باشقىلارنىڭ يىتتۈرۈپ
قويغان نەرسىلەرنى تېپىۋالغاندا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلار نا-
ھايىتى كۆپ. ئەگەر بۇ نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بەرمىسە،
بىر خىل ۋىجدانىي ئازابتا، روھىي بېسىمدا قالىدۇ، بۇ
نەرسە شۇ كىشىگە بالا-قازا ئېلىپ كېلىدىغاندەك ھېسسى-
ياتتا بولىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇنى ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە
ئەرزىيدۇ. لېكىن نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ پۇل قارىشىنىڭ كۈ-
چىيىشىگە ئەگىشىپ، تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلى-
ۋېلىش ئويىدا تۇرسۇن، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە قارا
قولىنى سۇنىدىغان، قاقتى-سوقتى قىلىدىغان، بۇلايدىغان
ئىشلارمۇ كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرگە
يۇرت چوڭلىرى، ئەھلى-جامائەت، پۈتكۈل جەمئىيەت
ئورتاق تەربىيە ئىشلەپ، نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارغا ئەنئە-
نىلىرىمىزدىكى ئالىيجاناب تۇيغۇنى ئەسكەرتىشى، ئۇلاردا
ۋىجدان تۇيغۇسىنى ئويغىتىشى كېرەك.

**«مەن قۇتقۇزۇشقا موھتاج ئەمەس»**

مەن شەھىرىمىزدىكى بىر مېيىپ كىشىنى بىلىمەن.
ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تىزىنىڭ ئاستىدىنلا يوق بولغاچقا،
چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. ئايالى ئىش ئورنىدىن
قالغان، بىر بالىسى ئالىي مەكتەپتە، يەنە بىرى ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق ئېغىر ئىقتىسادىي
بېسىم ئاستىدا قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، بىر كىچىك
كۆكتات دۇكىنى ئاچقان بولۇپ، سودىسى ناھايىتى ياخشى
ئىكەن. ئايالى دۇكانغا كۆكتات ئەكىلىدىكەن. يولدىشى
دۇكاندا ئولتۇرۇپ، كۆكتات ساتىدىكەن، ئايالى كۆكتات
بىلەن بىللە، يەنە خام تائاملارنى دۇكانغا ئېلىپ قويىدى-
كەن. ئاھالىلەر كومىتېتى ئۇلارنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالە-
تى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ياردەم پۇلى بەرمەكچى بول-
غاندا ئۇلار قەتئىي رەت قىلىپ: «بىز ئۆز كۈچىمىزگە تا-
يىنىپ، تۇرمۇشىمىزنى قامدىيالايمىز، بالىلارنى بېقىپ كې-
تەلەيمىز. قۇتقۇزۇش پۇلىغا تايىنىپ ياشاشنى نومۇس دەپ
بىلىمىز. بۇ پۇلنى ھەقىقىي ئاجىز، يېتىملارغا، نامراتلارغا
بېرىڭلار» دەپ رەت قىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۆزى مېيىپ
بولسىمۇ، روھى بېجىرىم بۇ خىل ئالىيجاناب روھىدىن ھە-
قىقەتەن تەسىرلەندىم. ئەسلىدە ئۇلار مېيىپ بولغانلىقى
ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشى ناھايىتى
نورمال ئىش ئىدى. لېكىن ئۇلار خەقنىڭ ياردىمىگە تايى-
نىپ ياشاشنى نومۇس، ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ تۇرمۇ-
شىنى قامداشنى شەرەپ دەپ بىلگەن. بۇ، تېنى بېجىرىم
بولسىمۇ، روھى مېيىپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرس-
مۇ ئىشلەشنى خالىمايدىغان، ھەدەپ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن،
باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن
روشەن سېلىشتۇرما، ئەلۋەتتە.

ئىلگىرىكى يىللاردا ھەقىقىي نامرات ھېسابلىنىدىغان
«بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە»لەر، كېسەلچان، ئاجىز، قارىغۇ-
چىسى يوق كىشىلەرگە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە
ساخاۋەتچىلەر پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلسا، ئۇلار
ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىشتەك ھېس قىلاتتى، كىشىلەرنىڭ
ئالدىدا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىشتىن خىجىل بولۇپ، بۇنداق
سورۇنلارغا كەلمەيتتى. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يا-
شاشتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پۇچىلىنىپ كېتەت-
تى. مۇمكىن بولسا، نامراتلىق قالپىقىنى تېزرەك چۆرۈپ
تاشلاشقا تىرىشاتتى. ھازىرچۇ؟ بۇ خىلدىكى نومۇسچان
كىشىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەر خىل ساختى-
لىقلار بىلەن بەش ئەزاسى بېجىرىم تۇرسىمۇ، ئاجىز، يېتىم-

يېسىر قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان، ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلى ياخشى بولسىمۇ، «نامراتلىق» قالپىقىنى كىيىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان، بۇ ئارقىلىق قۇتقۇزۇشقا، ياردەمگە ئېرىشىش تەمەسىدا بولىدىغان، تېخى تەپتارتماستىن: «ھۆكۈمەت بېرىدىغان پۇلغا نېمە بولماقچى، يولۋاسنىڭ بىر تال تۈكىنى بولسىمۇ يۇلغىنىمىز ئەۋزەل» دەپ ماختىنىدىغان، سەھنە، ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇ نەرسىلەرنى خۇددى شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالغاندەك غادىيىپ ئېلىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، خۇشاللىقنى بايان قىلىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق كىشىلەر ئەسلىدە ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان نەرسىلەرنى، ھەتتا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ياردەمگە موھتاج كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىمامدىغاندۇ، ۋىجدانى ئازابلانمامدىغاندۇ؟ «نامرات» ئاتىلىپ قالغانلىقىدىن، باشقىلارنىڭ «سەدىقىسى»نى ئېلىشتىن خىجىللىق ھېس قىلمامدىغاندۇ؟

**«تاپقانلىرىمىزدا يېتىملارنىڭمۇ ھەققى بار»**

يېقىندا مەلۇم بىر يېزىدىكى ئالدىن بېيىغان مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتنى زىيارەت قىلدىم. بۇ كىشىنىڭ نەچچە 100 مو يەردە تېرىلغۇ يېرى، 100 نەچچە تۇياق چارۋىسى، بىر ياغ تارتىش زاۋۇتى بولۇپ، يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن. ئۇ تېرىقچىلىق، چارۋا بېقىش، ياغ تارتىش زاۋۇتلىرىدا ئون نەچچە نامرات، يېتىمچى ياشنى ئىشلىتىدىكەن. ئۇ بۇ ياشلارنى خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ، يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش بىلەن بىرگە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تويىنى قىلىپ قويغان ھەم ئۆي سېلىپ بېرىپ ئىللىق ئائىلىگە ئىگە قىلغانىكەن. يەنە ھەر يىلى كۈزدە دارامەت ئالغاندا ئون نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى كەنتتىكى مەكتەپ، يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارنى ئۇن، ياغ، گۈرۈچ، كۆمۈر قاتارلىقلار بىلەن يوقلاشقا سەرپ قىلىدىكەن. مەن بۇ كىشىنىڭ بۇ خىل ساخاۋەتلىك، ئالىيجاناب روھىدىن تەسىرلىنىپ، بۇ ھەقتە ھېس قىلغانلىرىنى سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەيلى دېھقانچىلىقتىن بولسۇن، مەيلى سودا - تىجارەتتىن بولسۇن ۋە ياكى خىزمەت قىلىپ تاپقان مائاشتىن قىلغان كىرىمىمىزدە بولسۇن ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارنىڭ مەلۇم ھەققى بولىدۇ، بۇ ھەقنى ئۇلارغا قايتۇرۇش - ئەجداتلىرىمىزدىن بىزگە ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان قەرز ھەم پەرھىزدۇر. چۈنكى بىز مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراقتىن كۈچ ئېلىپ، زېمىندىن ئورتاق پايدىلىنىپ بايلىق يارىتىۋاتىمىز، بۇ زېمىندا ھەممەيلەننىڭ ئورتاق ھەققى بار. زېمىندىن ئېلىپ زېمىنغا قايتۇرۇش بۇ بىر تارىخىي قانۇنىيەت. يەنە بىر تەرەپتىن بىز ئالدىن بېيىغانلارنىڭ نامرات، ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇشى، بېيىشقا يېتەكلىشى بىر ئىنسانىي مەجبۇرىيەت، بىز بۇ مەجبۇرىيەتنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز، ھەتتا بۇنى بىزگە بېرىلگەن ساۋاب تېپىش، پەرھىزنى ئادا قىلىش پۇرسىتى، ئىنسانىي كامىللىق بەختى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك».

پۇل تاپقان، يول تاپقان كارخانىچىلىرىمىز، زەردار بايلىرىمىزنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقى دىنىي زاتتەك ئويلايدىغانلىرى زادى قانچىلىك؟ ھازىر ئىگىلىك تىكلىگەن كىشىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە خەير - ساخاۋەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىرى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئومۇمىي سانىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ سان يەنىلا كۆپ ئەمەس. كۆپلىگەن زەردار بايلار تاپقان پۇلنى ھەشەمەتچىلىك، داغۋازلىق، ئىسراپچىلىق، مەنمەنچىلىك ئۈچۈن بۇزۇپ چېچىشقا، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا خەجلەشكە رازىكى، جەمئىيەت ئىشلىرىغا، ئاجىز، يېتىملارغا بىر تىيىن بېرىشنى خالىمايدۇ. ھەتتا: «بۇنداق ئىشلار دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى، بىز قۇتقۇزۇپ تۈگىتەلەمدۇق. بىزمۇ مىڭبىر جاپادا تاپقان پۇل بۇ، قانداق خەجلىسەك ئۆزىمىزنىڭ ئىشى» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيا ھەممىمىزگە ئورتاق مەنسۇپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدا ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار. ھەممىمىز ئورتاق بېيىساق، ئورتاق تەرەققىي قىلساق، دۇنيانىڭ ئىشلىرىمۇ ئورتاق گۈللىنىدۇ، ھەممىمىزنىڭ كەلگۈسىمۇ ئورتاق ياخشى بولىدۇ. مانا بۇ ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجداتلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا يەكۈنلەپ چىققان، مەدەنىيەت خەزىنىسىدە جەۋھەرلەپ ساقلىغان، ھازىرقى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار قاراشلار بىلەن ماس قەدەمدە ماڭالايدىغان، شۇنداقلا ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدىغان دۇنياۋى قاراشلاردۇر. بۇ قاراشلارنىڭ ھاياتىي كۈچى مەڭگۈ جەۋلان قىلغۇسى!

(ئاپتور: «تۇرپان» گېزىتىدە)




تۇرپان رايونىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئادىتى ئېتىقاد خاراكتېرىنى ئالغان بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ، بۇ خىل ئادەتتە تۇرپان خەلقىنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تېۋىنىش ئادەتلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئادىتىدە تۇرپان رايونىدىكى شامان دىنىنىڭ ئىزنالىرى (ئىسرىق سېلىش)، مۇقەددەس سان قاراشلىرى، ھايۋانات، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە ۋە ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى، توتېم ئېتىقادلىرى (بۆرە توتېمى) ئەكس ئېتىدۇ.

«بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندە مەھەللىنىڭ ئىمام-مەزىنلىرىنى چاقىرىپ ئەزان توۋلاپ ئىسىم قويۇلىدۇ، بەش كۈن، ئالاھىدە يەتتە كۈندىن كېيىن مەھەللىدىكى ياشقا چوڭ دىندا خېلى بىلىشى بار ئايال كىشى چاقىرىلىدۇ، ئاندىن بالىنىڭ چوڭ ئانىسى چوقۇم تاق سانلىق قىلىپ (بەشتىن يەتتە تالغىچە) بوغۇرساق سېلىپ مەھەللىدىكى بەش ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان بەشتىن يەتتىگىچە بالىنى چاقىرىپ بالىنى بۆشۈككە سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلايدۇ.

بوغۇرساق سالغاندا چوقۇم ئايەت ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئادەتتە بۇنىڭدا چوقۇم بەلگىلەنگەن بىر خىل ئايەتنى ئوقۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. بوغۇرساق سالغۇچى ئۆزى بىلگەن ئايەتنى ئوقۇپ سالسا بولىدۇ. بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا چوقۇم بىلىدىغان بىرىنى چاقىرىپ كىرىپ سالغۇزۇش كېرەك. ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، بوۋاق ياتىدىغان بۆشۈك يېڭى سېتىۋېلىنغان ياكى بۇرۇن ئىشلەتكەن بۆشۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئىسرىق سېلىۋېتىش كېرەك دەپ قارىلىدۇ. ئىسرىق سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئادەتتە چوغ، كېپەك، پىياز پوستى قاتارلىقلار بولۇپ، ئەپچىل بىر تەخسىگە كىچىك چوغ، چوغ ئۈستىگە پىيازنىڭ قۇرۇق پوستى سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق كېپەك چېچىلىدۇ. بۇ «ئىسرىق» دېيىلىدۇ، ئىسرىق بۆشۈكنىڭ ئۈستى-ئاستىدىن ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن،

بۆشۈكنىڭ باش تەرىپى غەربكە قىلىپ قويۇلىدۇ، ئاندىن بوۋاقنى بۆشۈككە سالغۇچى بوۋاقنىڭ بەدەنلىرىنى سىلىغاچ ۋە ئۇنى ئەركىلەتكەچ بۆشۈككە سالىدۇ، بوۋاقنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ باش ياستۇققا ئوبدان قويىدۇ. ئىككى قولنى تۈزلەپ تۇرۇپ ئىككى بىقىنىغا تۈزلەيدۇ، يۆگەكنىڭ بوۋاقنىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرىگە كەلگەن بۇرجەكلىرى ئاستى-ئۈستى قىلىنىپ، بوۋاقنىڭ مەيدىسىگە كەلتۈرۈپ يۆگىلىدۇ، بوۋاقنىڭ پۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ سەل كېرىپ، پاختا ئورالغان شۈمەكنى سالىدۇ. ئاندىن بوۋاقنىڭ ئىككى پۇتى جۈپلىنىپ، يۆگەكنىڭ پۇت تەرەپكە كەلگەن بۇرجىكى بوۋاقنىڭ پۇتىنى ئېچىگە ئالغان ھالدا قورسىقىغىچە كەلتۈرۈلىدۇ.

ئاندىن بېزىندە بىلەن بوۋاقنىڭ قول-پۇتلىرى تېڭىلىدۇ، بوۋاق بۆشۈككە بۆلەنگەندىن كېيىن چاقىرىلغان تۆت-بەش بالا بۆشۈكنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، بۆشۈكنىڭ ئاستىدىن قوللىرىنى سۇنۇپ «ئىڭە ئانا، ئىڭە ئانا» دەيدۇ. بۇ چاغدا بالىنى بۆشۈككە بۆلىگۈچى قولىنى يۇيۇپ بولۇپ، «مانا ساڭا، مانا ساڭا» دېگىنىچە ئالدىن تەييارلىۋالغان بوغۇرساقلارنى بالىلارغا بىردىن بىردىن بۆشۈكنىڭ ئاستىدىن سۇنۇپ بېرىدۇ، ئادەتتە بالىلارغا بېرىلىدىغان نەرسە كۆپىنچە ھاللاردا بوغۇرساق بولىدىغان بولۇپ، شارائىت يار بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قوغۇن قېقى، ئۈزۈم دېگەندەك قۇرۇق مېۋىلەردىن بەرسىمۇ بولىدۇ». يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن قەدەم-باسقۇچلاردا ئىپادىلەنگەن ھەر بىر فولكلور ئېلېمېنتى ئاساسسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان بولماستىن، بەلكى بۇلار تۇرپان خەلقىنىڭ ئۆزاق مەزگىللىك ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىسىم قويۇلۇشى، بەش كۈن ياكى يەتتە كۈندىن كېيىن بۆشۈككە سېلىنىشى، سېلىنغان بوغۇرساقلارنىڭ تاق سانلىق بولۇشى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردىكى مۇقەددەس سان ئېتىقادچىلىقى بولۇپ، تۇرپاندىكى بۇ خىل ئېتىقادنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ «يەتتە مۇقەددەس سانى» قارىشىدىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ، بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇن بۆشۈككە «ئىسرىق سېلىش»نىڭ ئۆزى شامان دىنىنىڭ ئىزناسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچلاردا كۆرۈلگەن چوغ، كېپەك، پىياز پوستى قاتارلىقلار تۇرپان خەلقىنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان ئوتقا چوقۇنۇش، تەبىئەتكە چوقۇنۇش (ھايۋانات، ئۆسۈملۈك)، بۇغداي ئەلاھىغا چوقۇنۇشتەك ئېتىقاد-چوقۇنۇش ئادەتلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ، تۇرپان رايونى تارىختا كۆپ دىني ئېتىقادلار بولغان رايون بولۇپ، بۇ خىل دىنلاردىن — شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلار ئاساسلىق دىنلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپان خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىدا قوبۇل قىلغان، چوقۇنغان دىنلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرىدە، ھەرقايسى دەۋرلەردە چوقۇنغان، ئېتىقاد قىلغان دىنلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. تۇرپاندىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ياكى ماددىي تۇرمۇشىدىن ۋە ياكى ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر تەسىرلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تۇرپاندىكى بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇنقى «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى بالىنى يامان روھلاردىن قوغداش، بالىغا كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل پائالىيەت بولۇپ، ئۇ شامان دىنىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان ھەرقانداق بوۋاق بۆشۈككە سېلىنىشتىن ئىلگىرى چوقۇم بېسىپ ئۆتۈلۈشكە تېگىشلىك جەريان. تۇنجى قېتىم «ئىسرىق سېلىنىپ» بولغاندىن كېيىن، كېيىنكى قېتىملاردا



① مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 134-بەت.



ئۇنى يەنە قايتىلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ بالىنى ئىشلەتمىگىلى ئۇزاق بولغان بۆشۈككە بۆلەشكە توغرا كەلگەندە چوقۇم يەنە «ئىسرىق سېلىۋېتىش»كېرەك دەپ قارىلىدۇ.

بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەري ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە توختىلىپ: «ئىسرىق — بالىلارنى جىن-ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان سۆز» دېيىلگەن.

تۇرپان رايونىدا يەنە كىچىك بالىنىڭ كىيىمى كېچىدە ھەرگىز سىرتتا قالماسلىقى كېرەك، بولمىسا بالا قارغىشى بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ، بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ بۇنداق قارىشى يەنىلا بالىلارنى يامان روھلاردىن ساقلاشتىن ئىبارەت شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دېگەن ساددا تەبىئەت كۆز قارىشىدىن ئۇلاردىكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى كېلىپ چىققان. بۇ خىل قاراش ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى «ئىلاھلاشتۇرۇپ» تەسەۋۋۇر قىلىشقا سەۋەب بولغان. نەتىجىدە كۆككە چوقۇنۇش، يەر (تۇپراق) قا چوقۇنۇش، سۇ ۋە ئوتقا ئېتىقاد قىلىش، ھايۋانات ۋە دەل-دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىقاد ئادەتلىرى بارلىققا كەلگەن. ئىسرىق سېلىشتا ئىشلىنىدىغان چوغ، پىياز پوستى، كېپەك قاتارلىقلار تۇرپان رايونىدىكى ئوتقا، ئۆسۈملۈككە ۋە بۇغداي ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسى بىلەن باغلىنىشلىق. ئىسرىق سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىسرىق كۆلىنى توپىغا كۆمۈۋېتىش ياكى دەرەخ يېنىغا كۆمۈپ قويۇش ئادىتى تۇرپاندىكى يەرنى ئۇلۇغلاش ۋە دەرەخ ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇنىڭدىن باشقا بوۋاق ياتقان بۆشۈكنىڭ گورىزونتال ياغىچىنىڭ بوۋاق كۆرۈپ تۇرىدىغان جايىغا بۆرە ئوشۇقى ئېسىپ قويۇلسا بوۋاق مەرد، باتۇر، ئەجدادىنى ئۇنتۇمايدىغان ئادەم بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بوۋاق بىرەر يېرىم دەم يالغۇز قالماقچى بولسا، ئۇنىڭ باش ياستۇقىنىڭ ئاستىغا كىچىك قەلەمتىراچ، نان قاتارلىق نەرسىلەر تىقىپ قويۇلىدۇ، بۇ بوۋاقنى ساقلايدىغان ھەمراھ ھېسابلىنىدۇ.

بۇلار تۇرپان رايونىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان توتېم ئېتىقادى (بۆرە توتېمى) ۋە ئەجداد تېۋىنىشى بىلەن باغلىنىدۇ.

دېمەك، تۇرپاندا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بالىنى بۆشۈككە سېلىش ئادىتى بالىلارنى يامان روھلاردىن، جىن-ئالۋاستىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي پائالىيەت، بۇ خىل ئادەت قارىماققا خۇراپاتلىققا يېتىپ قالىدىغان پائالىيەتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تۇرپان خەلقىنىڭ ئېتىقاد قاراشلىرى، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى سىڭگەن بولۇپ، بىزنىڭ تۇرپان خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، قەدىمكى ئېتىقاد-تېۋىنىشلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە مەلۇم دەرىجىدە ياردىمى بولىدۇ.

شۇڭا بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتكە فولكلور نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. دىلمۇرات ئۆمەر، دىلبەر سۇلايمان: پىرە ئويۇنىدىن بايقالغان ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى 1991-يىلى 4-سان.

2. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئاقئۇلامبەردىخان» ۋە شامان دىنى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1999 - يىل 4 - سان.

3. مېھرىئاي ئابدۇلىم: ئۇيغۇرلاردىكى «ئىسرىق سېلىش» ئادىتى توغرىسىدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2001-يىللىق 3-سان.

4. بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەش ئۇسۇلى، تۇرپان گېزىتى 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

## رەسسام تۇرسۇن جىلىل
## ماي بۇياق رەسىملىرىدىن



كونا مەھەللە




كونا تۈگمەن



تاش چىكىش




خوتەن ئارقا كوچا




قەشقەر ئارقا كوچا




主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联大楼14层)电话:(0991)4554017
传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E-Mail:[illegible]
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر،
14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040